# مۇندەرىجە


❖ بەقەرە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى ........مۇھەممەد يۈسۈپ 3

❖ غەلىبە ۋە ئۇستۇنلۇكنىڭ ماددىي سەۋەبلىرى ................ ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى ئۆزلەشتۈرگەن 11

❖ ئۆلىمالار قانداق ئۈلگە بولۇشى كېرەك........ .................................مۇھەممەد يۈسۈپ 23

❖ مۇۋەپپەقىيەت تەقۋادارلىققا باغلىق..ئابدۇلئەھەد ھاپىز 34

❖ رەجەپ تەييىپ ئەردوغاننىڭ سىياسىي ھاياتى........ .............................ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن 45

❖ ئوقۇغۇچىلار ھەققىدە ئويلىغانلىرىم!.................. .............................ھەببۇللا تەكلىماكانى 53

❖ پەرزەنت تەربىيىلەش ئۆزىنى تەربىيىلەشتۇر.............. ،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،،ئابدۇرېھىم دۆلەت 61

❖ باللار جىسمانىي جەھەتتىكى يېتىلىشىدە نېمىلەرگە مۇھتاج

❖ خۇمار ھەسەن................................... 70

❖ ئۇستاز ئابدۇلئەھەدخان مەخسۇم ھاجىم................. فاتىھە بۇغرا ..................... 75



المعرفة

مەرىپەت ژۇرنىلى

دىنىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي ژۇرنال

(پەسىللىك)

2018

3 ـ سان

(ئومۇمىي 24 ـ سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:

سىراجىددىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:

مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئەتلەر:

ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن

ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى

ئابدۇلئەھەد ئۇجات

ئابدۇلئەھەد ھاپىز

ياسىن ئابدۇلھېكىم

ئەسەر ئەۋەتىش

پىكىر-تەكلىپ بېرىش

ئېلخەت ئادرېسىمىز:

Meripetjournal@gmail.com

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلكىتاب نۇسخىسىنى «مەرىپەت» مۇنبىرىدىن كۆرەلەيسىز

مۇنبەر ئادرېسى:

WWW. Merifet. net

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە...

1. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە» ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ماقالە ۋە ئەسەرلەردە ئالغا سۈرۈلمەكچى بولغان چۈشەنچىلەر ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
3. تەرجىمە ئەسەرلەردە چوقۇم مەنبە ئەسكەرتىلىشى ۋە تەھرىر ھەيئىتىگە ئەسلى نۇسخا تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەر بۇرۇن ھېچقانداق كىتاب-ژۇرناللاردا ياكى تور بەتلەردە ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك.
5. ژۇرنىلىمىز ۋەتىنىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە دەۋەت ساھەسىدىكى ئۇستازلارنى ۋە ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنى پىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش سەھنىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ھەرقانداق شەخس ياكى كوللېكتىپقا قارىتىلغان ھۇجۇم خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.
6. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر ماقالىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشى كېرەك.
7. ئاپتورلار ئەۋەتكەن ماقالىسىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، نەقىل مەنبەلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇشى، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
8. ماقالىلەرنىڭ ھەجىمىگە چەك قويۇلمايدۇ. ناۋادا قىممىتى زور، ئەھمىيەتلىك تېمىلار بولسا ئۇدا بىر قانچە ساندا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدۇ.
9. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر تاللاشتا ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە يوللانغان ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تاللىنىدۇ. ئەسەر ئەۋەتىلىپ ئالتە ئايغىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنمىسا ياكى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇچۇر قىلىپ ئەسكەرتىلمىگەن بولسا ماقالىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
10. ژۇرنىلىمىزغا يوللانغان ماقالە ئېلان قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق تور بەت ياكى ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.

ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزدىن بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشىنى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئايىماسلىقىنى، ماقالە-ئەسەر ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:
——«مەرىيەت» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

ئادرېسىمىز:
**Kamal Paşa Mahallesi Biga Sokak No. 27**
**Bodrum Kat Sefaköy Küçükçekmece istanbul**
*TEL: 0212_6243928*

ئالاھىدە ئەسكەرتىش: ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلار ئاپتورلارنىڭ كۆز قارىشى ۋە چۈشەنچىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ماقالىلارنىڭ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى بارلىق ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيىتى ئاپتورلارغا خاس!

# مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرى

## (بەقەرە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى)

مۇھەممەد يۈسۈپ

﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَقُولُ آمَنَّا بِاللَّهِ وَبِالْيَوْمِ الْآخِرِ
وَمَا هُمْ بِمُؤْمِنِينَ (8) يُخَادِعُونَ اللَّهَ وَالَّذِينَ آمَنُوا
وَمَا يَخْدَعُونَ إِلَّا أَنْفُسَهُمْ وَمَا يَشْعُرُونَ (9) فِي
قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ فَزَادَهُمُ اللَّهُ مَرَضًا وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ
بِمَا كَانُوا يَكْذِبُونَ (10) وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ لَا
تُفْسِدُوا فِي الْأَرْضِ قَالُوا إِنَّمَا نَحْنُ مُصْلِحُونَ
(11) أَلَا إِنَّهُمْ هُمُ الْمُفْسِدُونَ وَلَكِنْ لَا يَشْعُرُونَ
(12) وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ آمِنُوا كَمَا آمَنَ النَّاسُ قَالُوا
أَنُؤْمِنُ كَمَا آمَنَ السُّفَهَاءُ أَلَا إِنَّهُمْ هُمُ السُّفَهَاءُ
وَلَكِنْ لَا يَعْلَمُونَ (13) وَإِذَا لَقُوا الَّذِينَ آمَنُوا
قَالُوا آمَنَّا وَإِذَا خَلَوْا إِلَى شَيَاطِينِهِمْ قَالُوا إِنَّا مَعَكُمْ
إِنَّمَا نَحْنُ مُسْتَهْزِئُونَ (14) اللَّهُ يَسْتَهْزِئُ بِهِمْ
وَيَمُدُّهُمْ فِي طُغْيَانِهِمْ يَعْمَهُونَ (15) أُولَئِكَ الَّذِينَ
اشْتَرَوُا الضَّلَالَةَ بِالْهُدَى فَمَا رَبِحَتْ تِجَارَتُهُمْ وَمَا
كَانُوا مُهْتَدِينَ﴾ (16).

تەرجىمىسى:

8 ـ بەزىبىر ئادەملەر باركى، ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئىشەنمەي تۇرۇپ «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق» دەپ قويۇشىدۇ.

9 ـ ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئىمان ئېيتقانلارنى ئالدىماقچى بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار تۇيماستىن پەقەت ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ.

10 ـ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بار، ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى؛ ئېيتىۋاتقان يالغانلىرى سەۋەبلىك ئۇلارغا دەرتلىك ئازاب بار.

11 ـ ئۇلارغا: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېيىلسە، «بىز پەقەتلا ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەيدۇ.

12 ـ بىلىڭلاركى، ئۇلار بۇزغۇنچىلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ.

13 ـ ئۇلارغا: «سىلەرمۇ كىشىلەر

ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتىڭلار» دېيىلسە، «بىز ئەخمەقلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتامدۇق؟» دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ھەقىقىي ئەخمەقلەر ئۇلارنىڭ ئۆزىدۇر، لېكىن ئۇلار (بۇنى) بىلمەيدۇ.

14 ـ ئۇلار ئىمان ئېيتقانلار بىلەن ئۇچراشقاندا: «بىز ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشىدۇ، (ئۆزلىرىنى ئازدۇرغان ئادىمىي) شەيتانلىرى بىلەن يالغۇز جايدا تېپىشقاندا بولسا: «بىز چوقۇم سىلەر بىلەن بىللىمىز، بىز پەقەت (ئىمان ئېيتقانلارنى) مەسخىرە قىلىۋاتىمىز» دەيدۇ.

15 ـ ئاللاھ ئۇلارنى (قىلمىشىنى سەۋەبتىن) جازالايدۇ، ئۇلارنى ئازغۇنلۇق (پاتقاقلىرى)غا تاشلاپ قويىدۇ، ئۇلار بولسا تېڭىرقىغان ھالدا يۈرۈشىدۇ.

16 ـ ئەنە شۇلار ھىدايەتنى بېرىپ ئازغۇنلۇقنى سېتىۋالغانلاردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ سودىسى پايدا كەلتۈرمىدى. زادى ئۇلار ھىدايەت تاپقان كىشىلەر ئەمەس ئىدى.

تەپسىرى:

كىشىلەرنىڭ ئۈچىنچى تۈردىكىلىرى مۇناپىقلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا بولىدىغان خەتىرى كاپىرلارنىڭ خەتىرىدىن ياماندۇر، ئەلۋەتتە. شۇڭا ئاللاھ تائالا 13 ئايەتتە مۇناپىقلار توغرۇلۇق تەپسىلى خەۋەر بەرگەن. يۇقىرىقى ئايەتلەردىكى مۇناپىقلاردىن كۆزدە تۇتۇلغىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى مۇناپىقلارلا ئەمەس، بەلكى ھەر قانداق جايلاردىكى ۋە ھەر قانداق ۋاقىتلاردىكى يۇقىرىقى سۈپەتلەر تېپىلغان مۇناپىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بەزى ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەنلىكىنى ئېغىزىدا سۆزلەپ قويۇپ كىشىلەرنى بۇ نەيرەڭگە ئىشەندۈرمەكچى بولۇشىدۇ. دىللىرى كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇققا تولغان بۇ مۇناپىقلار شۇنداق ئىككى يۈزلىمىچىلىك بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇنداق يالغان بىلجىرلاشلىرىغا رەددىيە بېرىپ، ئۇلار قانچىلىك ئىمان دەۋاسى قىلغان بىلەنمۇ، ئۇلارنىڭ ھەرگىز مۆئمىنلەرنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەسلىكىنى، ئۇلارنىڭ كاپىرلىقنى يوشۇرۇپ، مۇسۇلمانلىقنى كۆرسىتىشلىرى ئاللاھ تائالانى ۋە مۆئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولغان نەيرەڭۋازلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مۇناپىقلار ئىكەنلىكىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. مۇناپىقلارنىڭ زىيىنى ۋە خەتىرى كاپىرلارنىڭكىدىن چوڭدۇر. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ سىپىدە كۆرسەتكەنلىكتىن كىشىلەر ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ دىنداشلىرى قاتارىدىن ساناپ قالىدۇ، ئۇلارغا ئىشىنىدۇ، نەتىجىدە بۇ مۇناپىقلار تۇيدۇرماستىن مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەشنى ۋە



www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىكى قۇرۇق ئىمان دەۋاسىغا ئىشەنمەسلىكنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە مۇناپىقلارنىڭ ئالدامچىلىقى پەقەت ئۆزلىرىنى ئالداشتىن باشقىسىغا يارىمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئالداۋاتىمىز، دەپ قىلغان بۇ رەزىل قىلمىشلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ھالاكەت ئىكەنلىكنى ھېس قىلمايدىغانلىقىنى، بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ئاخىرى ئۆزلىرىنى بەربات قىلىشقا يېتەرلىك ئىكەنلىكنى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابلارغا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

مەلۇمكى، مۇناپىقلار قايسى زاماندا ۋە قايسى جايدا بولسۇن، ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىغان، ئۆز ۋەتىنىنىڭ زىيىنىغا ئىشلەيدىغان زەھەرلىك مەخلۇقلاردۇر. ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇناپىقلارنىڭ زىيانلىرىغا كۆپ ئۇچرىغان. مۇناپىقلىق بىلەن يەھۇدىيلىقتىن ئىبارەت ئىككى سۈپەت بىر-بىرىگە تولىمۇ يېقىندۇر. چۈنكى، قورقۇنچاقلىق ۋە نامەردلىك يەھۇدىيلارنىڭ تەبىئىي خاراكتېرى بولغىنىدەك، مۇناپىقلارنىڭ ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلىشقا تۈرتكە بولغان نەرسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قورقۇنچاقلىقى ۋە نامەردلىكىدۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولمايدۇ. مۇناپىقلارنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىگە كەلتۈرىدىغان زىيان-زەخمەتلىرى ھەقىقەتەن چوڭ ۋە خەتەرلىكتۇر.

ئەگەر ھەر قانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى شۇ بويىچە دادىل، ئاشكارا قىلىدىغان ۋە ئۆز بۇرچىنى ئالدامچىلىق قىلماستىن سەممىيلىك بىلەن ئورۇندايدىغان بولسا، بۈگۈنكى ئىنسانلار جەمئىيىتى بەختكە ئېرىشكەن ۋە ھەممە مىللەت ئۆزىنىڭ خوجايىنلىقىنى مۇستەھكەم تىكلىيەلىگەن بولاتتى.

مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرى شۇنداقكى، ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ پىتنە-ئىغۋا تارقىتىشىڭلار، كاپىرلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىشىڭلار ۋە دۈشمەنلەرنى مۇسۇلمانلارغا قارشى كۈشكۈرتىشىڭلار چوڭ بۇزغۇنچىلىقتۇر. شۇڭا سىلەر بۇنداق قىلىشتىن يېنىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار دەيدۇكى: «ئىش ھەرگىز سىلەر ئويلىغاندەك ئەمەس، بىز ئەمەلىيەتتە ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەيدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ يەر يۈزىدىكى ئەڭ خەتەرلىك بۇزغۇنچىلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايدۇ ياكى ھېس قىلسىمۇ بۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ، يەر يۈزىدىكى ئەڭ چوڭ بۇزغۇنچىلىق پەقەت مۇناپىقلاردىن كېلىدىغانلىقىنى ئەڭ ئوبرازلىق شەكىلدە ئىپادىلەپ: ﴿بىلىڭلاركى، ئۇلار بۇزغۇنچىلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ﴾ دەيدۇ. مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ يامان ئەھۋالىنى ۋە كېيىنكى ئىبرەتلىك ئاقىۋەتلىرىنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. زادى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى بۇنداق مۇناپىقلاردىن خالىي بولالمىدى. شۇنداقتىمۇ مۇسۇلمانلار ئۇلارنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئېمانغا دەۋەت قىلىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن يەنە بىرى شۇكى، ئۇلارغا: «سىلەرمۇ مۇسۇلمانلار ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتىڭلار» دېيىلسە: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاماقەتلىكى ۋە چېكىدىن ئاشقان تەكەببۇرلىقى بىلەن: «بىز ئاشۇ قۇللار، ئەقىلسىزلار، ئاجىز-ئۇرۇقلار ۋە پېقىرلار ئىمان ئېيتقاندەك، ئىمان ئېيتىپ مۇھەممەدكە ۋە قۇرئانغا ئىشىنەمدۇق؟» دەيدۇ. ئۇلار شۇنى ئۇنۇتقانكى، ئەقىلسىز دېگەن -- توغرا يولنى تاپقان ۋە ئالدىدا نۇرنى كۆرگەن تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ئەخمەقلەردۇر. توغرا يولغا ئەگىشىپ، ھەقىقەتكە ئىمان كەلتۈرگەنلەر ئەقىلنى ئىشلەتكەن، ۋىجداننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشقان كىشىلەردۇر. شۇڭا، ھەقىقىي مەنىدىكى ئەقىلسىزلار مۇناپىقلارنىڭ ئۆزىدۇر!

بىر كۈنى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئەلى قاتارلىق كاتتا ساھابىلەر ئۇبەييە ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن بولغان مۇناپىقلار توپىغا قاراپ كېلىۋاتقاندا، ئۇبەييە ئۆزىنىڭ يېنىدىكىلىرىگە خىتاب قىلىپ: «قاراڭلار! ئاۋۇ ئەقىلسىزلار بىز تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ، ئۇلارنى چىرايلىق نەيرەڭلىرىم بىلەن قانداق قايىل قىلىدىغانلىقىمنى كۆرۈڭلار» دەيدۇ ۋە ئۇلارغا ئۆزىنى خۇددى ئۇلارنىڭ سېپىدىكى مۇئمىن كىشىدەك كۆرسىتىپ ئۇلارنى ماختاشقا باشلايدۇ. ئۇلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىچە ماختىنىپ: «كۆردۈڭلارمۇ ئۇ ئەخمەقلەرنى قانداق قايتۇرۇۋەتتىم؟» دەيدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىقى ئايەت چۈشىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتلەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانداشلىرى بولغان مۇناپىقلارنىڭ ۋە ھەر زاماندا، ھەر ماكاندا دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان مۇناپىقلارنىڭ ئومۇمىي سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان. مۇناپىقلار شەيتانلاردىنمۇ ئۇستا نەيرەڭۋازلار بولۇپ، مۇناپىقلار ھەر زامان باشقىلارنى ئالداش ۋە ياخشىلارنىڭ سېپىگە كىرىۋېلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش، ئۇلارغا زىيان سېلىش بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلغان مۇناپىقلارنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرىنى مەسخىرە قىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەنلا قالماي ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنىڭ رەزىل سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىنى بايان قىلىدۇكى، بۇ مۇناپىقلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئوچۇق-ئاشكارا دەلىل-ئىسپاتلارنى كۆرگەن ۋە ھەممىنى تولۇق بىلگەندىن كېيىنمۇ يەنە ھەقىقەتكە دۈشمەن بولغانلىقى پەقەت ئۇلاردىكى ھەسەتخورلۇق، كۆڭلى-كۆكسىنىڭ تارلىقى ۋە تەبىئىتىدە يەرلەشكەن رەزىللىكتىن ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھىدايەتنى بېرىپ ئازغۇنلۇقنى، بەخت-

سائادەتنى بېرىپ بەختسىزلىكنى سېتىۋالغانلىقىدۇر. شۇڭا ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتى يېغىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ تىجارىتى ـ ـ ھىدايەتنىڭ بەدىلىگە ئازغۇنلۇقنى سېتىپ ئالغانلىق تىجارىتى ـ ـ پايدا بەرمىدى ۋە ھەرگىز پايدا بەرمەيدۇ. ئۇلار ھەقىقەتەن زىيان تارتقۇچىلاردۇر. ئۇلار بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ھەرگىزمۇ توغرا ئىش قىلمىدى، زادى ئۇلار ھىدايەت تاپقان ئادەملەر ئەمەس ئىدى.

## مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. مۇناپىقلار، ئالدامچىلار ۋە يالغانچىلار ئاخىرقى ھېسابتا چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر. ئۇلار ھەرگىزمۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ ۋە ئۆزلىرىدىن باشقىسىنى ئالدىيالمايدۇ.

2. مۇناپىقلارنىڭ خەتىرى كاپىرلارنىڭكىدىنمۇ يامان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە ئۇچرايدىغان جازاسىمۇ كاپىرلارنىڭكىدىن ئېغىر ۋە قاتتىقتۇر.

3. يەر يۈزىنى گۈللەندۇرۇش ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىش توغرا قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىش ۋە توغرا يوسۇندا ئىشلەش بىلەن بولىدۇ.

4. بۇزغۇنچىلار ھەمىشە ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلغۇچىلارنىڭ قاتارىدىن قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ.

5. مۇناپىقلار ئەڭ رەزىل مەخلۇقلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «إِنَّ شَرَّ النَّاسِ ذُو الوَجْهَيْنِ، الَّذِي يَأْتِي هَؤُلَاءِ بِوَجْهٍ، وَهَؤُلَاءِ بِوَجْهٍ» يەنى«كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى ئىككى يۈزلىمىچىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۇلارنىڭغا بىر يۈزى بىلەن، بۇنىڭغا يەنە بىر يۈزى بىلەن كۆرۈنىدۇ» [①].

6. مۇناپىقلار ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ۋابالىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىشتا ھۇشيارلىق تەلەپ قىلىنىدۇ.

## مۇناپىقلارنىڭ خاراكتېرىنى پاش قىلىدىغان مىساللار:

مَثَلُهُمْ كَمَثَلِ الَّذِي اسْتَوْقَدَ نَارًا فَلَمَّا أَضَاءَتْ مَا حَوْلَهُ ذَهَبَ اللَّهُ بِنُورِهِمْ وَتَرَكَهُمْ فِي ظُلُمَاتٍ لَا يُبْصِرُونَ (17) صُمٌّ بُكْمٌ عُمْيٌ فَهُمْ لَا يَرْجِعُونَ (18) أَوْ كَصَيِّبٍ مِنَ السَّمَاءِ فِيهِ ظُلُمَاتٌ وَرَعْدٌ وَبَرْقٌ يَجْعَلُونَ أَصَابِعَهُمْ فِي آذَانِهِمْ مِنَ الصَّوَاعِقِ حَذَرَ الْمَوْتِ وَاللَّهُ مُحِيطٌ بِالْكَافِرِينَ (19) يَكَادُ الْبَرْقُ يَخْطَفُ أَبْصَارَهُمْ كُلَّمَا أَضَاءَ لَهُمْ مَشَوْا فِيهِ وَإِذَا أَظْلَمَ عَلَيْهِمْ قَامُوا وَلَوْ شَاءَ اللَّهُ لَذَهَبَ بِسَمْعِهِمْ وَأَبْصَارِهِمْ إِنَّ اللَّهَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ (20).

### تەرجىمىسى:

17 ـ ئۇلار گوياكى (قاراڭغۇ كېچىدە) مەشئەل[②] ياققان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ، مەشئەل ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى يورۇتقاندا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ يورۇقلۇقىنى

---

(①)«صحيح البخاري» 9 ـ توم، 71 ـ بەت، 7179 ـ ھەدىس.

(②) بۇ ئورۇندىكى «نَار» يەنى «ئوت» دېگەن سۆزدىن مەشئەل مەقسەت قىلىنغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى بۇ يەردىكى ئوت ئىسسىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يورۇقلۇق ھاسىل قىلىپ يولنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن يېقىلغان ئوتتۇر. شۇڭا ئۇنى «ئوت» دەپ تەرجىمە قىلغاندىن كۆرە، «مەشئەل» دەپ تەرجىمە قىلىشنى ئەۋزەل كۆردۇق.

uyghurkitap.com

ئۆچۈرۈۋەتتى، ئۇلارنى (ھېچ نەرسىنى) كۆرەلمەيدىغان قاراڭغۇلۇقتا قالدۇردى.

18- ئۇلار گاستۇر (ھەق سۆزنى ئاڭلىمايدۇ)، گاچىدۇر (ھەق سۆزنى قىلمايدۇ)، كوردۇر (توغرا يولنى كۆرمەيدۇ)، شۇڭا ئۇلار (ئازغۇنلۇقىدىن) قايتمايدۇ.

19- ياكى ئۇلار زۇلمەتلىك، گۈلدۈرمامىلىق ۋە چاقماقلىق قاتتىق يامغۇردا قالغان، گويا چاقماق سوقۇۋېتىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ قۇلاقلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئېتىۋالغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ كاپىرلارنى ئەتراپلىق بىلگۈچىدۇر.

20- چاقماق ئۇلارنى كۆز نۇرىدىن ئايرىپ قويغىلى تاس قالىدۇ، چاقماق ئۇلارغا ھەربىر يورۇق چۈشۈرگىنىدە، ئۇلار چاقماق يورۇقىدا مېڭىۋالىدۇ. (چاقماق ئۆچۈپ) قاراڭغۇلۇق باسقاندا بولسا تۇرۇپ قالىدۇ. ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ئىقتىدارىنى يوق قىلىۋەتكەن بولاتتى. چۈنكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

### تەپسىرى:

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە، مۇناپىقلار ئۈچۈن ئىككى مىسال كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان.

بىرىنچى مىسال: مۇناپىقلار ئازراق ۋاقىت ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ۋە بالىچاقىلىرىنىڭ ئامانلىقىنى ۋاقىتلىق كاپالەتلەندۈرگەن بولسىمۇ، كۆڭلىدە ھەرگىزمۇ ئىمان ئېيتمايدۇ ۋە پۈرسەت تاپسىلا ئىسلامغا، مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ۋاقىتلىق ئالدىغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانى قەتئىي ئالدىيالمايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەق دىنىنى كۈچلەندۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلغان زامانلاردا ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىق نەيرەڭلىرى ئىشقا ئاشمايدۇ، ئۇلار چوقۇم خارلىققا دۇچار بولىدۇ. بۇ خۇددى كېچىدە يورۇقلۇق ھاسىل قىلىپ يولنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن مەشئەل ياققان ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەشئەل ئۆچۈپ قېلىپ قاراڭغۇلۇقتا گاڭگىراپ قالغان ئادەملەرنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ.

شۈبھىسىزكى، مۇناپىقلار ھەقىقەتنى سۆزلەشتىن، ئۇنى كۆرۈشتىن ۋە ئۇنى ئاڭلاشتىن مەھرۇم قالغان مەخلۇقلاردۇر. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى مۇناپىقلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ھەزەر ئەيلىسۇن ۋە ئۇلارنىڭ زىيان-زەخمەتلىرىدىن ساقلانسۇن دەپ، مۇناپىقلار ئۈچۈن تۆۋەندىكى مىسالنى كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بارلىق رەزىل سۈپەتلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان.

ئىككىنچى مىسال: ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولغان «قۇرئان كەرىم»گە مۇناپىقلار شەك كەلتۈرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە ئىمان ئېيتقانلار ئۈچۈن خۇش بېشارەتنىڭ، ئىنكار قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئازابنىڭ خەۋىرى بار. ئۇنىڭدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست

پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل-ئىسپاتلار بار. ئۇنىڭدا يەنە مۇناپىقلارنى پاش قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدىغان ئايەتلەر بار. «قۇرئان كەرىم»دە غەنىيمەت ۋە باشقا مەنپەئەتلەر توغرۇلۇق ئايەت چۈشكەن ھامان مۇناپىقلار مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە بولىدۇ، ئۇلاردىن ھېچ ئايرىلمايدۇ. ئەمما جىھاد توغرۇلۇق ئايەت چۈشسە، مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ۋە بارلىق رەزىللىكلىرىنى ئوچۇق ئاشكارىلاپ قويىدۇ. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇناپىقلىقىنى يوشۇرالمايدۇ.

مۇناپىقلارنىڭ بۇنداق خاراكتېرى خۇددى قاتتىق يامغۇر يېغىش ئالدىدىكى گۈلدۈرمامىنىڭ قاتتىق ئاۋازى بىلەن قۇلاقلىرى گاس بولۇپ قالغان ۋە قورققىنىدىن قۇلاقلىرىنى مەھكەم ئەتىۋالغان، چاقماقنىڭ يورۇقىدا ئازراق ماڭالىغاندىن كېيىن، چاقماقنىڭ نۇرى ئۆچۈشى بىلەن قاراڭغۇدا قېلىپ، ھەيرانلىق ھەم ئەندىشە ئىچىدە تۇرۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ. بۇ مۇناپىقلار ئۆزلىرىنىڭ رەزىللىكلىرىنى پاش قىلىدىغان ئايەتلەر چۈشكەن ۋاقىتتا قورقۇپ كېتىپ قۇلاقلىرىنى ھەم ئەتىۋالىدۇ، ئاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى مۇئامىلىسى ۋە ئىسلامنىڭ كەڭچىلىكىدىن پايدىلىنىپ بىرئاز ئارام تاپقان بولۇپ، جىھاد ئايەتلىرى چۈشكەن ھامان يەنە غەمگە چۆكىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ يەنە ئىچكى دۇنياسىنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنى خۇددى چاقماق سوققاندەك بىراقلا يوق قىلىۋېتىشكىمۇ قادىردۇر. لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتىنىڭ تەقەززاسى مۇناپىقلارغا مۆھلەت بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، ئاندىن ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار قىلىشتۇر.

## مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن مىساللار ۋە ئوخشىتىشلار بايان قىلماقچى بولغان مەسىلىلەرنى كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشى ئۈچۈن قوللىنىلغان بەدىئىي ئۇسلۇبتۇر.

2. «قۇرئان كەرىم» مۇئمىنلەرنىڭ دىللىرىنى يورۇتىدىغان مەشئەلدۇر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ئۆچمەنلىك قىلغۇچىلار ھەرگىز مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.

4. كاپىرلارنىڭ ئەڭ يامىنى مۇناپىقلاردۇر.

5. ئايەتتە «قۇرئان كەرىم» يامغۇرغا ئوخشىتىلغان. چۈنكى، خۇددى يامغۇر قۇرغاق زېمىننى ياشارتىپ تىرىلدۈرگەندەك، «قۇرئان كەرىم» مەنىۋىياتقا تەشنا دىللارنى تىرىلدۈرىدۇ.

6. «قۇرئان كەرىم»دىكى ۋەدىلەر، ئاگاھلاندۇرۇشلار كەسكىنلىكتە ۋە قاتتىقلىقتا چاقماق بىلەن گۈلدۈرمىغا ئوخشىتىلغان[1]

[1] يېقىندا نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان «تەپسىر جەۋھەرلىرى»دىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com




بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلارنىڭ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ، ئىلگىرىكى كۈچ-قۇۋۋەت ۋە سەلتەنەتلىرىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرى، ئىلگىرىكىلەر ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇسۇلمانلارنى ئىختىلاپ، بۆلۈنۈش ئاپەتلىرىدىن ساقلاشتا تايانغان، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەرنىڭ تەشەببۇسى بولغان ئوتتۇراھاللىقنى يوقىتىپ قويغانلىقىدۇر. ھازىر ئىسلامدىكى ئوتتۇراھاللىقنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغانلار ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك. بۇنى چۈشىنىدىغانلارمۇ باشقىلارنىڭ خاتا چۈشىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ تېمىدا سۆز ئېچىشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ كەلمەكتە. چۈنكى ئىسلامدىكى ئوتتۇراھاللىق ئۇقۇمىدىن مەھرۇم كىشىلەر ئىسلامدا ئوتتۇراھاللىق دېگەننى ياخشى بىلەن ناچار ياكى ھالال بىلەن ھارام ياكى بۇيرۇق بىلەن چەكلىمە ئوتتۇرىسىدا مۆتىدىل يول تۇتۇپ مېڭىش، ئىسلام بەلگىملىرىدىن قىسمەن ۋاز كېچىش ياكى قىسمەن ئۆتۈنۈپ بېرىش دېگەندەك چولتا ۋە خاتا مەنىلەردە چۈشىنىۋالغان. ۋاھالەنكى ئوتتۇراھاللىق مۇسۇلمانلار داۋاملىق نامازلىرىدا ئاللاھدىن تىلەپ كېلىۋاتقان «الصراط المستقيم» يەنى توغرا يولنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئاللاھ تائالا بىزگە سۈرە

پاتىھەدە «الصراط المستقيم» يەنى توغرا يولغا باشلىشىنى تىلىشىمىزنى تەلىم بەرگەن، ئاندىن ئۇ يولنىڭ دىندا سەل قاراپ ئۆزىنىڭ غەزىپىگە يولۇققان يەھۇدىلارنىڭ يولىمۇ ئەمەس ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ ھەقتىن ئاداشقان خىرىستىئانلارنىڭ يولىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۆزى ھىدايەت بىلەن ئىنئام قىلغان پەيغەمبەرلەرنىڭ، راستچىللارنىڭ، شېھىتلەرنىڭ، سالىھلەرنىڭ يولى بولغان ئوتتۇراھاللىقتىن ئىبارەت توغرا يول ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن.

«قۇرئان كەرىم تەشەببۇس قىلغان ئوتتۇراھاللىق» دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى دوكتور ئەلى مۇھەممەد سەللابي ھەدىس شەرىپ قۇرئان كەرىمنىڭ شەرھىسى دېگەن ئېتىبار بىلەن، ئوتتۇراھاللىقنى تېخىمۇ ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدۇق، ئۇ بىر سىزىق سىزدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئىككى سىزىق، سول تەرىپىگە يەنە ئىككى سىزىق سىزدى، ئاندىن قولىنى ئوتتۇرىسىدىكى سىزىقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ: «بۇ ئاللاھنىڭ يولىدۇر»، دېدى. ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: «بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، نا توغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ①» .②

ئىسلامدىكى ئوتتۇراھاللىق ئۇقۇمىدىن مەھرۇم كىشىلەرنىڭ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراش مۇتەئەسسىپلىكىدىن ساقلىنالىشى ناتايىن. بۇنداق ئادەملەردە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراش خاھىشى ئېغىر بولىدۇ. سەل قاراش خاھىشىدىكى ئادەملەر ھىدايەت يولىغا ماڭغان تەقدىردىمۇ، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش مۇتەئەسسىپلىكىگە مۇپتىلا بولۇپ، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ھەتتا ئاتا-بوۋىلىرىنى، يۇرت چوڭلىرىنى، ئۆلىمالارنى مەنسىتمەيدىغان، ئۆلىمالارنىڭ تائەت-ئىبادەتلىرىنى ياراتمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بىر ۋاقىتلاردا قىمار ۋە ھاراق سورۇنلىرىدا ھوشىنى بىلمەي يۈرگەنلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر ئۆلىمالارغا تىل ئۇزۇتۇپ يۈرۈۋاتقانلىقى بۇنىڭ مىسالىدۇر. بۇنداقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇ زاتنىڭ تائەت-ئىبادەتلىرىنى ئاز كۆرسە، يەنە بەزىلىرى تەقسىماتتىكى ئادالەتكە ئىتىراز بىلدۈرگەنىدى.

①سۈرە ئەنئام 153-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

②دوكتور ئەلى مۇھەممەد سەللابي: «قۇرئان كەرىمدە تەشەببۇس قىلغان ئوتتۇراھاللىق» 35-بەت.

www.uyghurkitap.com

ئىسلامدىكى ئوتتۇراھاللىق ئۇقۇمىدىن مەھرۇم بولغان مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە، ئىختىلاپ، بۆلۈنۈشلەرنىڭ كۈنسېرى ئېغىرلىششى نەتىجىسىدە، مۇسۇلمانلار ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە دۇچ كەلمەكتە. كۆپلىگەن ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى پارچىلانغان مۇسۇلمانلار گەۋدىسىنى بىرلەشتۈرۈش، ئىشغالىيەت ئاستىدىكى مۇسۇلمانلارنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا كۆپ ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئاخىرى ئىشنى مۇسۇلمانلاردا يوقالغان ئوتتۇراھاللىق ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشتىن باشلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىمەكتە.

## ئوتتۇراھاللىقنىڭ تەرىپى

ئەرەب تىلى قامۇسلىرىدا «وسط»، «وسطية»، «توسط»، «اعتدال» سۆزلۈكلىرىنىڭ ئاساسەن ئوتتۇراھال دېگەن مەنىنى چۆرىدەپ كېلىدىغانلىقى زىكىر قىلىنىدۇ.

«وسط»، «وسطية» سۆزلۈكى ئوتتۇراھال، ئادالەت، ياخشى، ئەۋزەل دېگەن مەنىلەرگە ئىگە.

«توسط» سۆزلۈكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەي ۋە سەل قارىماي ئوتتۇراھال بولۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

«اعتدال» سۆزلۈكى ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا لىللا تۇرۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

«وسط»، «وسطية» سۆزلۈكى يەنە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىش، شەيئىلەرنىڭ سەۋەب ۋە غايىلىرىنى بىلىش، سۆز ۋە ھەرىكەتلەردە توغرىلىققا ئەھمىيەت بېرىش دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

«قۇرئان كەرىمدە تەشەببۇس قىلىنغان ئوتتۇراھاللىق» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى دوكتور ئەلى مۇھەممەد سەللابىي مۇنداق دەيدۇ: «وسط»، «وسطية» سۆزلۈكى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ:

1 ـ ياخشى، ئەۋزەل ۋە ئادالەت مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

2 ـ ئىككى ئەۋزەل شەيئىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جەۋھەر دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

3 ـ ئىككى شەيئىنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ياخشىسى دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

4 ـ ئېسىل بىلەن ناچار، ياخشى بىلەن يامان شەيئىلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئۆلچەملىك نەرسىلەرگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

دوكتور ئەلى مۇھەممەد سەللابىي دوكتور زەيد ئابدۇكېرىمنىڭ «ئىسلامدا ئوتتۇراھاللىق» دېگەن كىتابىدىكى مۇنۇ قۇرلارنى نەقىل قىلىدۇ: «وسط»، «وسطية» سۆزلۈكى ھەقىقەتنى ئىزدەش ۋە ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئۇ يەنە

بىخىللىق بىلەن ئىسراپخورلۇق ئوتتۇرىسىدىكى سېخىلىققا، قورقۇنچاقلىق بىلەن قارامىلىق ئوتتۇرىسىدىكى باتۇرلۇققا ئوخشاش تەنقىدلىنىدىغان ئىككى شەيئىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەدھىيىلىنىدىغان نەرسىلەرگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.①

ئوتتۇراھاللىق قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەرنىڭ تەشەببۇسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ساغلام ئەقلىگە ۋە نورمال ئىنسان تەبىئىتىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئىسلام ھەر ئىشتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراشتىن چەكلەيدۇ. چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراش ئارقىلىق نورمال ئىجتىمائىي تەرتىپنى ساقلىغىلى بولمايدۇ. ئەقلىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئىشلاردا ئوتتۇراھال ۋە لىللا مەيداندا تۇرۇش ساغلام بىر ئىنسانىي تەبىئەتنىڭ تەقەززاسى ھېسابلىنىدۇ.

ئوتتۇراھاللىق ھاۋايى-ھەۋەس ۋە نەپسى-خاھىشقا ئەمەس، بەلكى مۇكەممەل ئىلمىي ئاساسقا تايىنىدۇ. بۇ يەردىكى ئىلمىي ئاساس قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپ، ئىجمائ ۋە قىياس قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئان كەرىم ياكى ھەدىس شەرىپتىن ئوچۇق دەلىل بولمىغان مەسىلىدە، بىرەر ساھابىنىڭ سۆزى ۋە ياكى مۇجتەھىد دەرىجىسىگە توشىدىغان ئالىملارنىڭ ئىجتىھادى ئاساس قىلىنىدۇ.

ئوتتۇراھاللىق ئېتىقاد ۋە ئەمەللەردە ئوڭچىللىق ياكى سولچىللىقتىن مۇستەسنا لىللا مەيداندا تۇرىدىغان؛ قارشى سەپتىكىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندىمۇ ئىنساپ ۋە ئادالەتنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمايدىغان؛ كەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىراۋنىڭ پەزىلەت ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئىنكار قىلمايدىغان؛ ئۆلىمالار ۋە پېشىۋالارغا چوقۇنمايدىغان، ھۆرمەتسىزلىكمۇ قىلمايدىغان؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھەر قانداق كىشىنىڭ سۆزى قوبۇل ۋە رەت قىلىنىدۇ دەپ قارايدىغان؛ تەقدىر بىلەن ئىنسانىي ئىرادىنىڭ، ئىلىم بىلەن ئىبادەتنىڭ ئوتتۇرىسىنى، شەرىئەتنىڭ ئۆزگەرمەس پىرىنسىپلىرى بىلەن زامان ئۆزگىرىشلىرىنى، شەرئىي ھۆكۈملەر بىلەن زامان تەقەززالىرىنى بىر-بىرىگە ماھىرلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇۋالايدىغان؛ ئۆتمۈش، رېئاللىق ۋە كېلەچەكنى تەڭ نەزەرگە ئالىدىغان؛ ئىسلاھ قىلىش ۋە تەربىيەلەشنى ئاساس قىلىدىغان؛ ئاۋامغا ئىشلارنىڭ ئاسان تەرىپىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ھەرگىزمۇ قىيىنلاشتۇرۇپ، دىن يولى مېڭىش مۇمكىنسىز بىر يول ئىكەن دېگەن قاراشقا ئېكىلىپ قويمايدىغان؛ بېشارەت بېرىدىغان، نەپرەتلەندۇرمەيدىغان؛ ئۆزئارا ھەمكارلىق، كۆيۈنۈش ۋە مېھىر-

① دوكتور ئەلىي مۇھەممەد سەللابىي: «قۇرئان كەرىمدىكى ئوتتۇرا ھاللىق» 42-بەت

مۇھەببەتكە چاقىرىدىغان ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ يولىدۇر.

ئوتتۇراھاللىق روھ ۋە ماددا ھەر ئىككى تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىدۇ، جەمئىيەت تەرتىۋىنى ساقلاشقا، ئەنئەنە بىلەن تەرەققىيات ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ تۈپ مەنئەپەتىنى چىقىش قىلىدۇ. رىئاللىقنى، ئاۋام-خەلقنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئالاھىدە نەزەرگە ئالىدۇ، ئاۋام-خەلقنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ بېرىدۇ، ئاۋامنىڭ قەلبىدە ئىشەنچ تۇرغۇزىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ: «ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ».① دېگەن ئايىتىگە ئۇيغۇن ھالدا كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھات قەدەملىرىگە ياردەم بېرىدۇ.

ئوتتۇراھاللىق ئەنئەنە ۋە يېڭىلىق ئىشلىرىدا ئىلگىرىكىلەرنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەت ۋە ئەفكارلىرى يۈزدە-يۈز توغرا، بىز بۇنىڭدىن چەتنىمەي مېڭىشىمىز زۆرۈر دېگۈچىلەر بىلەن، يېڭىلىق ۋە ئىجادىيەتكە چوقۇنۇپ ئەنئەنىنى پۈتۈنلەي چەتكە قاققۇچىلار ئارىسىنى ماھىرلىق بىلەن ياراشتۇرىدۇ.

ئوتتۇراھاللىق مۇسۇلمانلارنى ئالدىراقسانلىق، سۆرەلمىچىلىك، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە سەل قاراش ئىللەتلىرىدىن ساقلاپ، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلامدىكى ئوتتۇراھاللىقنىڭ رولى قاتناش قوراللىرىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشەيدىغان مىزاننىڭ رولىغا ئوخشايدۇ. مىزانى بۇزۇلغان قاتناش قوراللىرىدا ئولتۇرۇپ مەنزىلگە بىخەتەر يېتىكلى بولمىغاندەك، ئىسلام تەشەببۇس قىلغان ئوتتۇراھاللىقتىن چەتنەپ تۇرۇپ كۆزلىگەن نىشانغا يېتىكلى بولمايدۇ.

ئوتتۇراھاللىق قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولغاچقا، ئۇ نوقۇل پىكىر ياكى ئىدېئولوگىيەلا بولماستىن، بەلكى مۇتلەق توغرا يول ۋە دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتنىڭ كاپالىتى بولۇپ، ئاللاھنىڭ رىزاسى، ياردىمى دەل مۇشۇ يولدا تەۋرەنمەي ئالغا ئىلگىرلىگەنلەرگە مەنسۇپتۇر. قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپلەردە خەۋەر بېرىلگەندەك، بۇ يولدىن ئوڭ-سولغا چەتنەپ كەتكەنلەر ئۆزلىرىنى ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن قوشۇپ، ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، پەيغەمبەرلەرنىڭ، شېھىتلەرنىڭ، پۈتۈن مۆئمىن-مۇسۇلمانلارنىڭ غەزىپىگە، لەنىتىگە دۇچار قىلغانلار بولۇپ، ئۇلار

---

① سۈرە رەئد 11-ئايەت

داغدام يول ۋە توغرا لىنىيەدىن چىقىپ كەتكەن قاتناش قۇراللىرى تالاپەتكە ئۇچرىغاندەك، ھالاكەتكە يولۇققۇچىلاردۇر.

ئوتتۇراھاللىقتىن چەتنىگۈچىلەر ئۆزلىرى بىلىپ-بىلمەي، خالاپ-خالىماي دىندا سەل قاراپ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە، لەنىتىگە يولۇققان يەھۇدىيلارنىڭ يولىغا ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ ھەقتىن ئازغان خىرىستىئانلارنىڭ يولىغا ياكى ئىسلام دۇنياسىغا بالا-مۇسىبەت بولغان شىئە-راپىزە ۋە خاۋارىجلارنىڭ يوللىرىغا كىرىپ قالىدۇ. چۈنكى توغرا يولدىن چەتنىگەنلەرنى شۇ مەلئۇنلارنىڭ يولى كۈتۈپ تۇرغان بولىدۇ.

ئوتتۇراھاللىقتىن چەتنەش جەننەتنىڭ كاپالىتى بولغان ئىسلامىي سۆيگۈنىڭ يوقىلىشىغا، بىرلىك ۋە كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسى بولغان ئىناق-ئىتتىپاقلىقنىڭ بۇزۇلۇشىغا، ھەتتا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئوتتۇراھاللىقتىن چەتنەش ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئەمەس، بەلكى دۈشمەنلەرنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىدۇ. مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەن پاراسەتلىك مۆئمىنگە بۇ سىر بولمىسا كېرەك.

## ئوتتۇراھاللىقنى ئەتراپلىق چۈشىنىشنىڭ مۇھىم ئۈچ ئاساسى

ئىسلام تەشەببۇس قىلغان ئوتتۇراھاللىقنى تېخىمۇ ئەتراپلىق ۋە توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، سەل قاراش، توغرا يول قاتارلىق مۇھىم ئۈچ ئاساسنى ياخشى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

## بىرىنچى ئاساس: چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش

ئەرەب تىلى تەتقىقاتى ئالىملىرى مۇنداق دەيدۇ: ئەرەب تىلىدىكى «غلو» دېگەن سۆز چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، ئۆلچەمدىن ھالقىپ كەتكەن ھەر قانداق نەرسىگە قوللىنىلىدۇ. شەرىئەت ئالىملىرى مۇنداق دەيدۇ: ئېتىقاد ياكى ئەمەل جەھەتتە شەرىئەت ئۆلچىمىدىن ھالقىپ كېتىش شەرىئەتتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ.

## چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ تۈرلىرى

چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئېتىقاد جەھەتتىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، ئەمەل يەنى سۆز-ھەرىكەت جەھەتتىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

بىرىنچى تۈرى، ئېتىقاد جەھەتتىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بولۇپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۇچۇرۇپ، پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسىدىن ئىلاھلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com

ماقامغا كۆتۈرۈۋېتىش، ئۇلاردىن مەدەت تىلەش، ئۇلارنىڭ غەيبنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىش، سالىھلەرنىڭ قەبرىلىرىگە بېرىپ، پەرزەنت ۋە باشقا ھاجەتلىرىنى تىلەش قاتارلىقلار ئېتىقاد جەھەتتىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش دائىرىسىگە كىرىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۆزلىرىگە ياقمىغان مۇسۇلمانلارنى شەرئىي دەلىل-ئىسپاتسىزلا كاپىرلىققا چىقىرىۋېتىشمۇ ئېتىقاد جەھەتتىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ.

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «چوقۇمكى، بۇنىڭ نەسلىدىن قۇرئان ئوقۇيدىغان بىر قەۋم كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوقۇغان قۇرئانى بوغۇزىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار مۇشرىكلارنى قويۇپ، مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرىدۇ».①

تارىختىن بېرى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە بۇ ھەدىس شەرىپتە ئىشارەت قىلىنغان سۈپەتلەر تېپىلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ شەرئىي بىلىم قۇرۇلمىسى ئاجىز بولغانلىقتىن ئۇلار قۇرئان ئوقۇغان تەقدىردىمۇ، ئوقۇغىنى ئۇلارنىڭ بوغۇزىدىن ئۆتمەيدۇ، يەنى ئۇلار قۇرئان كەرىمنى تەپەككۇر قىلماي ۋە چۈشەنمەي ئوقۇيدۇ، شۇڭا، قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ تۇرۇپمۇ، ھەق يولنى تاپالمايدۇ، ئۇنىڭدىكى ۋەز-نەسىھەتلەردىن بەھرى ئالالمايدۇ، مۇسۇلمانلارنى شەرئىي دەلىل-ئىسپاتسىزلا كاپىرلىققا چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى ھالال سانايدۇ.

ئىككىنچى تۈرى، ئەمەل يەنى سۆز-ھەرىكەت جەھەتتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بولۇپ، رامزان ئېيىدىن باشقا ۋاقىتلاردىمۇ كۈن ئاتلاتماي روزا تۇتۇش، كېچىچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇش، ئىبادەتنى دەپ ئۆيلىنىشتىن ۋاز كېچىش قاتارلىقلار ئەمەلدە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئەمما بۇيرۇلغان ئىبادەتلەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئادا قىلىش چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، بەلكى ئىسلام شۇنىڭغا تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئەمەل يەنى سۆز-ھەرىكەت جەھەتتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئەھۋالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئاللاھقا سىلەردىنمۇ بەكراق تەقۋالىق قىلىمەن، لېكىن مەن كېچىسى ناماز ئوقۇيمەن ۋە ئۇخلايمەن، (رامىزاندىن باشقا ۋاقىتتا) كۈن ئاتلىتىپ روزا تۇتىمەن ۋە ئۆيلىنىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن،

①ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇ مىنىڭ (ئۈممىتىم) دىن ئەمەس» دېيىش ئارقىلىق ئۇلارغا رەددىيە بەرگەن.①

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ ھەر ئىككى تۈرى خەتەرلىك بولغان بولسىمۇ، لېكىن سۆز-ھەرىكەتتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە قارىغاندا، ئېتىقاد جەھەتتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش كۆپ خەتەرلىك. ئېتىقاد جەھەتتە چېكىدىن ئاشقان خاۋارىجلار، شىيئە-رافىزىلەر ۋە تەكپىرچىلەر (ئاساسسىزلا باشقىلارنى كاپىرغا چىقارغۇچىلار) نىڭ مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە ئېلىپ كەلگەن بالا-مۇسىبەتلىرى بۇنىڭ ئەڭ روشەن مىسالىدۇر.

## چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار

1-ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا ئاللاھ تائالا ۋاجىپ قىلمىغان ئىبادەتلەرنى مەجبۇرى تېڭىۋېلىش.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتكە كىرىپ ئىككى تۈۋرۈك ئوتتۇرىسىدا سوزۇلۇپ تۇرغان ئارغامچىنى كۆرۈپ: «بۇ نېمە ئارغامچا؟» دېدى. ئۇلار: بۇ زەينەپنىڭ ئارغامچىسى، ئۇ ئىبادەت قىلىپ چارچىغاندا ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالىدۇ، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى يېشىۋېتىڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار روھلۇق ھالىتىدە ناماز ئوقۇسۇن، چارچىغاندا ئۇخلىسۇن» دېدى.②

ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىستە ئىبادەتتە نورمال بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن چەكلەش بار.③

2-ئاللاھ تائالا رۇخسەت قىلغان پاك يېمەك-ئىچمەكلەرنى ھارام قىلىۋېلىش.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۈچ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن ئۇ زاتنىڭ ئىبادەتلىرى توغرۇلۇق سوراپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئاز كۆرگەندەك قىلىپ: ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرى-كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان تۇرسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىغاندا بىز قانچىلىك؟ دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى: مەن كېچىچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇيمەن دېسە، يەنە بىرسى: مەن يىل بويى كۈن ئاتلاتماي

①ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

②ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

③فەتھۇلبارى، تەھەججۇت كىتابى، ئىبادەتنى كۆچەيتىۋېلىشنىڭ مەكرۇھلىقى دېگەن باب.

روزا تۇتىمەن دەيدۇ. ئۈچىنچىسى: مەن ھاياتىمدا ھەرگىز خوتۇن ئالمايمەن دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ: «سىلەر شۇنداق دېدىڭلارمۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەردىنمۇ بەكرەك ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىمەن، لېكىن مەن (رامىزاننىڭ غەيرىدە) كۈن ئاتلىتىپ روزا تۇتىمەن، كېچىلىرى ناماز ئوقۇيمەن ۋە ئۇخلايمەن، ئاياللارغا ئۆيلىنىمەن، كىمكى سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس» دەيدۇ.①

3 ـ ئىلاجسىز قالغاندا ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن جانىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېيىشنى راۋا كۆرمەسلىك.

مۇسۇلمان ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھارام قىلىنغان نەرسىنى يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغاندا، ئۇنى يېيىشنى تەرك ئېتىش چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ. يېيىشنى ھارام قىلغان زات بىلەن، مەجبۇر بولۇپ قالغاندا ئۇنى يېيىشكە رۇخسەت بەرگەن زات بىردۇر. ئۇ زاتنىڭ يېيىشنى ھارام قىلغانلىق ھۆكمىنى قوبۇل قىلىپ، ئىلاجسىز قالغاندا جانىنى ساقلىغۇدەك يېيىش رۇخسىتىنى قوبۇل قىلماسلىق تەرسالىقتۇر. «ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، ئاللاھدىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى. كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن (يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر».②

4 ـ باشقىلار ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلىشتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش. يەنى ياخشى كۆرگەننى قارىغۇلارچە زىيادە ماختىۋېتىش، يامان كۆرگەننى سۆكۈپ، ئۇلتۇرسا ـ قوپسا ئۇنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىغا تىل ئۇزارتىش. بۇ ئىسلام توسقان چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «دوستۇڭنى ياخشى كۆرۈشتە نورمال بولغىن، ئۇ سېنىڭ دۈشمىنىڭگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، دۈشمىنىڭنى يامان كۆرۈشتىمۇ نورمال بولغىن، ئۇ سېنىڭ دوستۇڭغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن».③

## چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكنى بىلىش ئۆلچىمى

بۇ يەردە چېكىدىن ئېشىپ

①ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

②سۈرە بەقەرە 173 ـ ئايەت.
③ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىستى

كەتكەنلىكنى بىلىش ئۈچۈن بىر ئۆلچەم بارمۇ؟ ئۇ قايسى ئۆلچەم دېگەن سوئال كېلىدۇ. بۇ سوئالنىڭ جاۋابى شۇكى، ئېتىقاد ياكى ئەمەلنىڭ چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپتىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدۇر.

يۇقىرىدا ئېتىقاد ياكى ئەمەل جەھەتتە شەرئىي ئۆلچەمدىن ھالقىپ كېتىشنىڭ شەرىئەتتە چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. بىر ئېتىقاد ياكى ئەمەلنىڭ شەرىئەتتە چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپتىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ شەرىئەت ئۆلچىمىگە ئۇدۇللايمىز، ھەر ساھەدە بۇ ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كەلگىنى گەرچە ئۇنى بەزىلەر «ئاشقۇن» دەپ ئاتىۋالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئوتتۇراھاللىق، ئۇنىڭدىن ھالقىپ كەتكىنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك، ئۇنىڭغا يەتكۈزەلمەسلىك سەل قارىغانلىق بولىدۇ. ئىسلام تەشەببۇس قىلغان ئوتتۇراھاللىق چۈشەنچىسىنى ھەركىمنىڭ خالىغانچە بۇرمىلىشىغا، سۇيىئىستېمال قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

سۆز ـ ھەرىكەتلەرنىڭ چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىگە ياكى شەخسلەرنىڭ چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش ناھايىتى قىيىن بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن سۆز ـ ھەرىكەتلەرنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئايرىيالايدىغان، بۇ ھەقتىكى شەرىئەت ئۆلچىمىنى ياخشى بىلىدىغان، ئەقىدە بىلىملىرىدە يېتىشكەن ئالىملار كېرەك. ھەركىمنىڭ: «بۇ سۆز ـ ھەرىكەت چېكىدىن ئېشىپ كەتتى» ياكى «پالانى ئادەم چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتتى» دەپ ھۆكۈم قىلىش ھەققى يوق. بۈگۈنكى كۈندە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەرگە چىڭ ئېسىلغان، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە تولۇق ئەمەل قىلغان تەقۋادار ياخشى مۆمىن ـ مۇسۇلمانلارنىڭ «ئاشقۇنلار»، «رادىكاللار» دەپ سۈپەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇ پەقەت دىن دۈشمەنلىرىنىڭ سەپسەتىلىرى بولۇپ، ئەقىل ـ ھوشى جايىدا مۆمىن ـ مۇسۇلمان بۇنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى سۆز ـ ھەرىكەتلەر، شەخس ۋە جامائەتلەر ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشتىكى ئۆلچەم ھاۋايى ـ ھەۋەس ياكى ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ياكى يەرلىك قانۇن ـ تۈزۈم ئەمەس، بەلكى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەردىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدۇر.

## چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن چەكلەشنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى دەلىللىرى

«ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى ناسارالار جامائەسى) دىنىڭلاردا ھەددىدىن

www.uyghurkitap.com

ئاشماڭلار، ئاللاھنىڭ شەنىگە ھەق (سۆز) دىن باشقىنى ئېيتماڭلار (يەنى ئاللاھنى شېرىكى ۋە بالىسى بولۇشتىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىڭلار). مەسىھ ئىيسا ـ مەريەمنىڭ ئوغلى پەقەت ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر (سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئاللاھنىڭ ئوغلى ئەمەستۇر)، مەريەمگە ئاللاھنىڭ ئىلقا قىلغان كەلىمىسىدۇر (يەنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز، ئاللاھنىڭ «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر)، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، (ئاللاھ ئىيسا، مەريەمدىن ئىبارەت) ئۈچتۇر دېمەڭلار، (خۇدا ئۈچ دەيدىغان ئېتىقادتىن) قايتىڭلار، (بۇ) سىلەرگە پايدىلىقتۇر، ئاللاھ پەقەت بىر ئىلاھتۇر، بالىسى بولۇشتىن ئاللاھ پاكدۇر»[①].

«(ئى مۇھەممەد!) ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدى ۋە ناسارالار) دىنىڭلاردا ھەقسىز رەۋىشتە چېكىدىن ئېشىپ كەتمەڭلار، ئىلگىرى ئۆزلىرى ئازغان، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇرغان ۋە توغرا يولدىن ئاداشقان قەۋمنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمەڭلار، دېگىن»[②].

ئىمام تەبەرىي رەھمەھۇللاھ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى «ئاللاھ» ياكى «ئاللاھنىڭ ئوغلى» دېيىش ئارقىلىق دىنىڭلاردا چېكىدىن ئېشىپ كەتمەڭلار. ئۇ پەقەت ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلىدۇر، ئۇ ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز، ئاللاھنىڭ «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر، دەڭلار»[③].

ئىبنى كەسىر رەھمەھۇللاھ بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھەققە ئەگەشمەستە چېكىدىن ئاشماڭلار، ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا قىلغىنىڭلاردەك، سىلەر ئۇلۇغلاشقا بۇيرۇلغان پەيغەمبەرنى مۇبالىغە قىلىپ ئۇچۇرۇپ، پەيغەمبەرلىك ئورنىدىن ئىلاھلىق ماقامىغا چىقىرىۋالماڭلار، ئۇ پەقەت ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىر پەيغەمبەردۇر، ئاللاھنى قويۇپ ئۇنى ئىلاھ قىلىۋالماڭلار»[④].

ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «باشقىلارغا قارىغاندا، خىرىستىئانلار ئېتىقاد ۋە ئەمەللەردە ئەڭ چېكىدىن ئاشقانلاردۇر»[⑤].

ئاللاھ تائالا خىرىستىئانلارنىڭ دىنىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «تەركىدۇنيالىقنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق، ئۇلار ئۇنى پەقەت

①سۈرە نىسا 171 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
②مائىدە سۈرىسى 77 ـ ئايەت.
③تەپسىر تەبەرى 6 ـ توم، 316 ـ بەت.
④تەپسىر ئىبنى كەسىر 2 ـ توم، 82 ـ بەت.
⑤ئىقتىزائۇسسىراتۇلمۇستەقىم 1 ـ توم، 289 ـ بەت.

ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ (پەيدا قىلىۋالدى)، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى». ① «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىيئالىملىرىنى، راھىبلىرىنى ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى مەبۇد قىلىۋالدى. (ھالبۇكى) ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق) پەقەت بىر ئىلاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى». ②

## چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن چەكلەشنىڭ ھەدىس شەرىپلەردىكى دەلىللىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «دىنىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىڭلار، شەكسىزكى سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنى دىنىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ھالاك قىلدى». ③

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر ھالاك بولدى». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. ④

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەدىسنى شەرھىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئېتىقاد ۋە سۆز-ھەرىكەت جەھەتلەردە چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر، مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتكۈچىلەر ھالاك بولدى». ⑤

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «سىلەرگە چېكىتلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆزۈڭلارغا چىڭىتىۋالماڭلار. چۈنكى بىر قەۋم ئۆزلىرى چىڭىتىۋالغانلىقتىن ئاللاھ ئۇلارغا چىڭىتىپ قويدى، ئەنە ئاۋۇلار ئۇلارنىڭ ئىبادەتخانىلاردىكى قالدۇقلىرىدۇر. «تەركىدۇنيالىقنى ئۇلار ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالدى، ئۇلارغا ئۇنى بىز بېكىتمىدۇق، ئۇلار ئۇنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ (پەيدا قىلىۋالدى)، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭغا لايىق دەرىجىدە ئەمەل قىلمىدى». ⑥

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «شەكسىزكى، دىن ئاساندۇر، كىمكى دىنىنى چىڭىتىۋالىدىكەن دىن ئۇنى يېڭىدۇ، ئوتتۇراھال بولۇڭلار، يېقىنلاشتۇرۇڭلار، بېشارەت ھاسىل قىلىڭلار، ئەتىگەن-ئاخشام ۋە كېچىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرى بىلەن ياردەم تىلەڭلار». ⑦

ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق

①سۈرە ھەدىد 27-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
②سۈرە تەۋبە 31-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ئىمام نەسەئى رىۋايىتى.
④ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
⑤مۇسلىم مەئە شەرھىننەۋەۋى 16-توم، 220-بەت.
⑥ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
⑦ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

www.uyghurkitap.com

دەيدۇ: «بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ھېچكىم دىنىي ئەمەللەردە ئاسانلىق يولىنى تاشلاپ چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمىسۇن، ئەگەر شۇنداق قىلىدىكەن چوقۇمكى ئۇ، ئاجىز كېلىپ مەغلۇپ بولىدۇ».①

ئىبنى رەجەپ رەھىمەھۇللاھ مەزكۇر ھەدىستىكى «سەددىدۇ» (يېقىنلاشتۇرۇڭلار) دېگەن جۈملە ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئىبادەتتە نورمال، ئوتتۇراھال بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، شەرىئەت بۇيرۇغاننى ئادا قىلىشقا سەل قارىماڭلار، تاقىتىڭلار يەتمەيدىغان ئىبادەتنى ئۈستۈڭلارغا يۈكلىۋالماڭلار، ئوتتۇراھال بولۇڭلار، دېگەنلىك بولىدۇ».

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىندا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە ئېلىپ بارىدىغان بارلىق ساھەلەرگە قارشى كۈرەش قىلغان، روھ بىلەن ماددىنىڭ، دىن بىلەن دۇنيانىڭ، دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ، نەپسىنىڭ نېسىۋىسى بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ھەققىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدىغان ئوتتۇراھاللىق پرىنسىپىدىن چەتنەپ كەتكەنلەرگە ۋاقتىدا رەددىيە بەرگەن.

## ئىككىنچى ئاساس: سەل قاراش

سەل قاراش ئەرەب تىلىدىكى «تفريط» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بولۇپ، ئەرەب تىلى تەتقىقاتى ئالىملىرى ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەر قانداق بىر مەجبۇرىيەتنى جايىدا ئادا قىلماسلىقنى «تفريط» يەنى سەل قاراش دەپ ئاتىغان. «لسان العرب» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى «تفريط» دېگەن سۆزنى «تضييع» يەنى زايە قىلىۋېتىش دەپ شەرھلىگەن. شەرىئەت ئالىملىرى دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى جايىدا ئادا قىلماسلىق، تائەت-ئىبادەتلەرنى زايە قىلىۋېتىش، شەرىئەت ئۆلچىمىگە يەتكۈزەلمەسلىك قاتارلىقلارنى «تفريط» يەنى سەل قاراش دەپ چۈشەندۈرگەن.

ئۇلار ئۇخلاپ قېلىپ ئىبادەت ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىش سەل قاراش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، ئەمما ئويغاق تۇرۇپ ئىبادەت ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈش سەل قارىغانلىق بولىدۇ دەپ قارىغان ۋە بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇخلاپ قېلىش سەل قارىغانلىق ھېسابلانمايدۇ، ھەقىقىي سەل قاراش دېگەن ئويغاق تۇرۇپ، بىر نامازنى يەنە بىر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگۈچە كېچىكتۈرۈشتۇر.»② دېگەن ھەدىسىنى دەلىل قىلغان.

دىنىمىز ئىشلاردا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن چەكلىگەندەك، سەل قاراشتىنمۇ قاتتىق چەكلەپ، ئوتتۇراھاللىققا تەشەببۇس قىلغان.

①ئەلبۇخارى مەئە فەتھىلبارى 1-توم، 116-بەت.

②سۇنەن ئەبۇ داۋۇت.

چۈنكى بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوتتۇراھاللىقتىن چەتنەش بولۇپ، شەخس ۋە جەمئىيەتنى ۋەيران قىلىدىغان، شەيتانىي سۆيۈندۈرىدىغان، ئىنساننى ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە دۇچار قىلىدىغان ناچار ئىللەتلەردۇر.

ئىسلام ئەقىدە، ئىبادەت، ئەدەپ-ئەخلاق ۋە مۇئامىلە ساھەلىرىگە ئوخشاش تىجارەت ۋە خىراجەت ساھەلىرىدىمۇ چىكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراشتىن ئىبارەت ھەر ئىككى تەرەپنى ئوخشاش ئەيىبلەپ، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا تەشەببۇس قىلىدۇ. «قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن) قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ ئەتمىگىن (يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، (ئۇنداق قىلساڭ پۇلسىز قېلىپ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن.»①

سەلەف سالىھلار چىكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلانغاندەك، سەل قاراشتىنمۇ ساقلىنىپ، قۇرئان كەرىم مەدھىيىلىگەندەك، ھەر ئىشتا ئوتتۇراھاللىققا ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا ئۈممەتلەردىن پەرقلىنىپ كەلگەن. ئەپسۇسكى ھازىرقىلار بولسا، چىكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، سەل قاراش ئىللەتلىرى بىلەن پەرقلەرگە بۆلۈنۈپ، بۇ ئالاھىدىلىكنى يوقاتماقتا. بۆلۈنگەنلىكى، ئىختىلاپلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مېھرى-مۇھەببەت ۋە شەپقەتلەرنىڭ ئورنىنى بىر-بىرىگە بولغان غەزەپ-نەپرەتلەر ئىگىلىدى. نەتىجىدە، دۈشمەنلەرنىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئويناپ، بىر-بىرىنىڭ ئىززەت-ئابرۇيىغا تىل ئۇزىتىشنى، ھەتتا قېنىنى تۆكۈشنى ھالال سانايدىغان يەرگە بېرىپ يەتتى. بىز سەگەكلىك بىلەن بۇ ئىللەتلىرىمىزنى تونۇپ، ھەر ئىشتا قۇرئان كەرىم تەشەببۇس قىلغان ئوتتۇراھاللىققا قايتمىغۇچە، يوقاتقان بىرلىكىمىزنى، ئىناق-ئىتتىپاقلىقىمىزنى، كۈچ-قۇۋۋىتىمىزنى ۋە ئىززەت-شەرىپىمىزنى قايتۇرۇپ كېلەلمەيمىز. «ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ-قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ.»②

ئاللاھنىڭ شەرىئىتى كەم-زىيادە قىلىنماسلىقى، بەزىلىرىگە ئەمەل قىلىنىپ، يەنە بەزىلىرى تەرك ئېتىلمەسلىكى لازىم. تەرك ئېتىلىش كۆپىنچە سەل قاراشتىن كېلىدۇ. سەل قارىغان ئىنسان چىكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن ئىنسانغا ئوخشاشلا ھەقتىن ئازغان بولىدۇ. «ئى مۇئمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل

① ئىسرا 29-ئايەت.

② ئەنفال 46-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار)، شەيتاننىڭ يوللىرىغا (ۋە ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر. سىلەرگە (ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى كۆرسىتىدىغان) روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن (توغرا يولدىن) تېيىپ كەتسەڭلار، بىلىڭلاركى، (سىلەر جازالىنىسىلەر، چۈنكى) ئاللاھ غالىبتۇر (يەنى سىلەردىن ئىنتىقام ئېلىشتىن ئاجىز ئەمەستۇر)، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»[①]

ئىمام ئەۋزائىي، ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزىي قاتارلىق ئالىملارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «شەيتان ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى-پەرمان ۋە چەكلىمىلىرىگە قارشى تۇرۇشتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراشتىن ئىبارەت ئىككى قورالنىڭ بىرىنى ئىشلىتىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى ئارقىلىق مەقسىتىگە يېتەلىسە شۇنى قىلىدۇ. ۋاھالەنكى ئاللاھنىڭ دىنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن سەل قاراشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى.»

## سەل قاراشنىڭ مەسىلىلىرى ۋە خەتەرلىرى

جەمئىيەتكە نەزەر سالىدىغان بولساق، دىنىدا سەل قاراش ئىللىتىنىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن: ئىسلام ئاللاھنىڭ بار ۋە بىرلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش؛ بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش؛ ئۆلچەمگە توشقان مال-مۈلۈكلەرنىڭ يىلدا بىر قېتىم ئۆشرە-زاكىتىنى بېرىش؛ رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش؛ قادىر بولالىغانلار ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بەش ئاساس ئۈستىگە قورۇلغان بولۇپ، ئىماندىن ئىبارەت بىرىنچى ئاساسنى مىسالغا ئالساق، بۇنىڭغا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سەل قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ۋاھالەنكى، ئىمان دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئەڭ چوڭ نېمەت بولۇپ، ئۇنىڭغا سەل قاراش ۋە ئۇنىڭدىن غاپىل بولۇش ئەڭ چوڭ زىياندۇر. «زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر-بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر.»[②]

بىر قىسىم ياشلاردىن ئىمان توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇلار بۇ ھەقتە تېخى ئويلاشمىغانلىقىنى ئېيتقان. ۋاھالەنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەتلىرى ھەققىدە ئويلاپ

① بەقەرە 208-، 209-ئايەتلەر.

② ئەسر سۈرىسى.

ئۇلگۇرگەن، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى، نەگە بارىدىغانلىقى، كىم ياراتقانلىقى، نېمە ئۈچۈن ياراتقانلىقى، ئىمانىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە سەل قارىغانلىقتىن ياكى ئىنكار قىلغانلىقتىن ئۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلاشمىغان. «ئۇلار ھاياتىي دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتىن (يەنى ئاخىرەت ئىشىدا ئويلىنىشتىن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشتىن) غەپلەتتىدۇر. ئۇلار (ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىشلىرى ئۈچۈن) ئۆزلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟»① «شۈبھىسىزكى، بۇلار دۇنيانى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق بىلىدۇ، كەلگۈسىدىكى قىيىن بىر كۈنگە (يەنى قىيامەتكە) سەل قارايدۇ.»②

ئىسلامنىڭ ناماز، زاكات، روزا، ھەج قاتارلىق ئاساسلىرىغا بولغان سەل قاراشلارغۇ ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە ئېغىر. كىشىلەر بۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئاچچىق ھەسرەت ـ نادامەت ئىچىدە قالىدۇ. «ھەر قانداق ئادەم: «ئاللاھنىڭ تائىتىدە كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمغا ھەسرەت! مەن (ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ۋە دىنىنى) مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ئىدىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن. ياكى «ئاللاھ مېنى ھىدايەت قىلغان بولسا (ھىدايەت تېپىپ) ئەلۋەتتە تەقۋادارلاردىن بولاتتىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن. ياكى ئازابنى كۆرگەن چاغدا: «كاشكى دۇنياغا قايتىشىمغا بولسا ئىدى، (ئۇ چاغدا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ) ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن (پەرۋەردىگارىڭغا بويسۇنۇڭلار).»③

بۇ ئايەتنى ئىمام تەبەرىي رەھىمەھۇللاھ ئاللاھنىڭ ئەمرى ـ پەرمانلىرىنى ئادا قىلمىغانلىقىمغا ھەسرەت ـ نادامەت، دەپ تەپسىر قىلغان بولسا، ئىمام ھەسەن بەسرىي رەھىمەھۇللاھ ئاللاھنىڭ تائىتىدە كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمغا ھەسرەت ـ نادامەت، دەپ تەپسىر قىلغان. ئىمام زەھھاك رەھىمەھۇللاھ قۇرئان ئوقۇمىغانلىقىم ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغانلىقىمغا ھەسرەت ـ نادامەت، دەپ تەپسىر قىلغان.

ئۆز يۇرتۇمدا كۆرگەنلىرىمنى مىسال قىلىپ ئېيتسام، بىزنىڭ مەھەللىدە، يۈزگە يېقىن ئائىلىلىك بار بولۇپ، ئۇلاردىن بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇيدىغانلار 40% كە، رامىزان روزىسىنى تولۇق تۇتىدىغانلار 30% كە، شەرىئەت بەلگىلىگەن بويىچە زاكات بېرىدىغانلار 20% كە يېتىشى مۇمكىن دەپ تەخمىن قىلاتتىم. ھەر بىر

①رۇم 7 ـ، 8 ـ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.
②ئىنسان 27 ـ ئايەت.
③زۇمەر 56 ـ 59 ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ مەھەللىسىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ دىنىي ئەھۋالىنى قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپتىن ئىبارەت ئىسلام ئۆلچىمىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرسە، بىزدىكى سەل قاراش ئىللىتىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ياخشى تونۇپ يېتىدۇ.

ئىمان مەسىلىسىگە سەل قاراش ئىنساننى دوزاختا ئېلىپ بارغاندەك، ناماز، زاكات، روزا، ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرگە سەل قاراشمۇ ئىنساننى جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدۇ. «ھەر ئىنسان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (دوزاختا) مەھبۇستۇر. پەقەت سائادەتمەن مۆئمىنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلار جەننەتلەردە بولۇپ، گۇناھكارلاردىن: «سىلەرنى دوزاختا قايسى ئىش كىرگۈزدى؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار (جاۋابەن) ئېيتىدۇ: «بىز ناماز ئوقۇمايتتۇق. مىسكىنلەرگە تائام بەرمەيتتۇق. بىز بىھۇدە سۆز قىلغۇچىلار بىلەن بىللە بىھۇدە سۆز قىلاتتۇق. قىيامەت كۈننى ئىنكار قىلاتتۇق.»①

يۇقىرىدىكى ئايەتتە دېيىلگەندەك، ئېغىزنى باشقۇرۇش مەسىلىسىگە سەل قاراپ، بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىش، قىيامەت كۈنىگە سەل قاراپ، ئۇ كۈنگە تەييارلىق قىلماسلىق قاتارلىقلارمۇ ئىنساننى دوزاختا ئېلىپ بارىدۇ.

«خەلقنى دوزاختا يۈزىچە موللاق ئاتقۇزۇۋېتىدىغان نەرسە ئۇلارنىڭ تىللىرىدۇر.»② «ئىنساننىڭ ياخشىلىقتا بۇيرۇش ياكى يامانلىقتىن توسۇش ۋە ياكى ئاللاھقا زىكرى ـ تەسبىھ ئېيتىشتىن باشقا بارلىق سۆزلىرى ئۇنىڭ پايدىسىغا ئەمەس، بەلكى زىيىنىغا بولىدۇ.»③ «بەندە پەرۋاسىزلا ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان بىرەر سۆزنى دەپ تاشلايدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەھەننەم ئوتىغا چۈشۈپ كېتىدۇ.»④

قىيامەت كۈنىگە، ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىشقا سەل قاراش ئىنساننى تەدرىجىي ئۇنى ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ، ئۇنى ئىنكار قىلغان ئىنسان ئەڭ چوڭ زىيان تارتقان بولىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بىپەرۋالىقىغا چوقۇم ھەسرەت ـ نادامەت چېكىدۇ. «ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى (يەنى قايتا تىرىلىشنى) ئىنكار قىلغانلار ھەقىقەتەن زىيان تارتتى. قىيامەت تۇيۇقسىز كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «ئۇ دۇنيادىكى بىپەرۋالىقىمىزدىن نادامەت» دەيدۇ. گۇناھلىرىنى ئۈستىلىرىگە يۈكلىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ (گۇناھلارنى) يۈكلىگىنى نېمىدېگەن يامان!»⑤

بەزى قېرىنداشلار كۆڭلىنىڭ ياخشىلىقىنى، دىلىدا ئىمان بارلىقىنى

①مۇددەسسىر 38 ـ 46 ئايەتلەر.

②ئىمام ئەھمەد، ئىمام تىرمىزى، ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
③ئىمام تىرمىزى، ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايىتى.
④ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
⑤ئەنئام 31 ـ ئايەت.

دەۋا قىلىدۇ، لېكىن ئەمەل ـ ئىبادەتلەرگە سەل قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ دەۋالىرىنى قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپلەر رەت قىلىدۇ. قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپلەرنىڭ تېكىستلىرىگە دىققەت قىلغىنىمىزدا، ئىماننىڭ ئەمەلدىن ئايرىلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى تەرك ئېتىشنىڭ ئىنساننى ھالاكەتكە، دوزاخ ئوتىغا دۇچار قىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىمىز. دېمەك، ئەمەل ـ ئىبادەتلەر ئىماننىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تاشقى سىمۋوللىرىدۇر. شۇڭا قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپلەردىكى كۆپلىگەن تېكىستلەردە ئىماننىڭ ياخشى ئەمەللەرگە يانداش كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز. «(ئى مۇھەممەد!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن.»①

ئۇنىڭدىن باشقا خەلقىمىزنىڭ ئىسلامىي تەلىم ـ تەربىيە، ئەدەپ ـ ئەخلاق، مۇئامىلە قاتارلىق ساھەلەردە قانداق كېتىۋاتقانلىقىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلام ئۆلچىمى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە، بۇ ساھەلەردە سەل قاراش ئىللىتىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىمىز.

پەننىي بىلىملەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، دىنىي بىلىملەرگە سەل قاراش ياكى ئەكسىچە دىنىي بىلىملەرنى ياخشى ئۆگىنىپ، پەننىي بىلىملەرگە سەل قاراش بىزدىكى يەنە بىر چوڭ خاتالىق. ئەدەپ ـ ئەخلاق، مۇئامىلە قاتارلىق ساھەلەردە سەل قاراش بولسا، كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان، ئادەمنىڭ ۋىجدانىنى ئۆرتەۋاتقان خاتالىقلاردۇر.

خەلقىمىز ئىچىدە كۆرۈلۈۋاتقان ھىجابقا سەل قاراش مەسىلىسى، ھالال ـ ھارامغا سەل قاراش مەسىلىسى قاتارلىقلارغا ئوخشىغان يەنە نۇرغۇن مۇھىم مەسىلىلەر بار بولۇپ، ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن پەقەت بىرنەچچىسىنىلا كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.

ئۆزىنى ياخشى ئىش قىلدىم دەپ ئويلاپ، چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر بىلەن، مەجبۇرىيەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىشقا سەل قارىغۇچىلاردىن ئىبارەت ھەر ئىككى تىپ توغرا يولدىن يىراقلاشقۇچىلاردۇر. چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر زىيان تارتقاندەك، سەل قارىغۇچىلارمۇ چوڭ زىيان تارتىدۇ. «سىلەرگە ئەمەللىرى جەھەتتىن ئەڭ زىيان تارتقۇچىلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟. ئۇلار ھاياتىي دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان، ئەمما ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان

①بەقەرە 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادەملەردۇر.»[①]

## سەل قاراش ئىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى

ئىنسان كۆپىنچە، ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ قالىدۇ، بۇ ھالەت ئۇزاق داۋاملاشقانسېرى ئىنسان ئۆز نەپسى خاھىشىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى نەپسى خاھىشى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان بولىدۇ. بۇنداق ئىنسان ئاللاھنىڭ زىكرىدىن غاپىل بولۇپ، ئىسلام تەلىماتلىرىغا سەل قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاندىن ئۇ ھەق يولغا قايتىش دەپ ئىسلام تەلىماتلىرىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ھەق يولدىن تېخىمۇ يىراقلاپ كېتىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ نەپسى خاھىشى بىلەن شەيتىنى بىرلىشىپ، ئۇنى ھېچكىمنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلمايدىغان، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئاتا-ئانىسىنى، تۇرت چوڭلىرىنى، ئۆلىمالارنى مەنسىتمەيدىغان ئاتىكاچا، ھاكاۋۇرغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇ قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپلەركە ئەمەس، بەلكى نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىدۇ. ئۇلار نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغۇچىلاردۇر. «(ئى مۇھەممەد!) ماڭا نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان، ئاللاھ ئازدۇرغان، (ھەقنى) بىلىپ تۇرغان، ئاللاھ قۇلىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن ۋە كۆزىنى پەردىلىگەن ئادەمنى ئېيتىپ بەرگىن، ئاللاھ ئازدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟ سىلەر (بۇلاردىن) ۋەز-نەسىھەت ئالماسىلەر؟»[②]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ئۈممىتىمدىن ئىت ئۆز ئىگىسىنى سۆرەپ ماڭغاندەك، نەپسى خاھىشلىرى ئۇلارنى سۆرەپ ماڭىدىغان جامائەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرى ئۇلارنىڭ پۈتۈن تومۇر ۋە بوغۇملىرىنى قورشىۋالىدۇ.»[③]

جەمئىيىتىمىزدە بۇنداقلار ئاز ئەمەس، ئۇلار ئىشلىرىدا قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپلەرنى ئەمەس، بەلكى ئۆز نەپسى خاھىشلىرىنى ئۆلچەم قىلىپ ياشايدۇ. ھەتتا ئۇلار ئىسلام شەرئىتىنى ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشلىرىگە بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ، غەيۋەت-شىكايەت، پىتنە-پاساتلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئاللاھنىڭ زىكرىدىن غاپىل بولىدۇ، گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ھەددىدىن ئاشىدۇ. ئەقىل-ھوشى جايىدا مۆئمىن-مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، بۇنداقلاردىن يىراق تۇرۇشى، ئۇلارنىڭ پىتنە-ئىغۋالىرىگە

---

①كەھف 103-، 104-ئايەتلەر.

②جاسىيە 23-ئايەت.

③ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى.

قۇلاق سالماسلىقى لازىم. «بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى) گە ئەگەشمىگىن.»①

## سەل قاراش ئىللىتىنى داۋالاشنىڭ ئۇنۇملۇك دورىسى

ئوڭ ـ سولغا تېيىپ كەتمەي توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئىلىم ئېلىش كېرەك. توغرا يولدىن چەتنەپ كېتىشنىڭ كۆپىنچە سەۋەبلىرى ئىلىمسىزلىك ۋە ئىلىمنىڭ ئازلىقىدۇر. ئىلىم ئېلىش چوقۇم قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپلەر ئاساسى بويىچە، سىستېمىلىق بولۇش كېرەك. ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشى بويىچە شاخلاپ، سىستېمىسىز ئىلىم ئىگىلەش كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ياخشى نەتىجە ئېلىپ كەلمەيدۇ. توغرا يولدا تەۋرەنمەي، ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن، ئىككى خىل كۈچ ـ قۇۋۋەت ناھايىتى زۆرۈر. بىرى، توغرا يول بىلەن خاتا يولنى ئايرىيالايدىغان ئىلمىي كۈچ ـ قۇۋۋەت، يەنە بىرى، توغرا يولنى بىلگەندىن كېيىن شۇ يولدا مۇستەھكەم تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئەمەلىي كۈچ ـ قۇۋۋەت. چۈنكى ئەمەلسىز ئىلىم ئىگىسىنى نىپاققا باشلىسا، ئىلىمسىز ئەمەل بىدئەت ۋە خۇراپاتلىققا باشلايدۇ.

①كەھف 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

نىجاتلىق پەقەت ئىلىم بىلەن ئەمەل بىرلەشكەندە بولىدۇ. چۈنكى شەيتان ئىلىمسىز ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى توغرا يولدىن ئاسانلا ئازدۇرۋېتىدۇ. «شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى، ئۇلارنى توغرا يولدىن توستى، ئۇلار ھىدايەت تاپمايدۇ.»②

## ئۈچىنچى ئاساس: توغرا يول

توغرا يول دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدىكى «الصراط المستقيم» نىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بىز ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەستىن ۋە ئۇنىڭدىن نېمە مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەستىن، ئىسلام تەشەببۇس قىلغان ئوتتۇراھاللىقنى توغرا چۈشىنەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. « الصراط المستقيم» نىڭ ئەسلى تۈز، توغرا ۋە داغدام يول بولۇپ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىگىسىنى ياخشى نەتىجىلەرگە ئېلىپ بارىدىغان سۆز، ھەرىكەتلەرگە قارىتا ئىشلىتىلىدۇ. «الصراط المستقيم» دېگەن سۆز قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپلەردە كۆپ ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، تەپسىرشۇناسلار بۇ سۆز ئۈستىدە نۇرغۇن ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ سۆزدىن قۇئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپ؛ ئىسلام دىنى؛ ئاللاھقا توغرا شەكىلدە ئىبادەت

②نەمله 24 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

قىلىش؛ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن سەل قاراشتىن خالىي ئوتتۇراھاللىق قاتارلىقلار بىر قانچە خىل كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز نۇۋىتىدە توغرا كۆزقاراشلاردۇر. چۈنكى بۇ قاراشلارنىڭ ھەممىسى «الصراط المستقيم» يەنى توغرا يولنىڭ يېنەكچىلىرىدۇر.

قۇرئان كەرىمدىكى «الصراط المستقيم» دېگەن سۆزنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى جۈملىلەر، شۇنىڭدەك چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە سەل قاراش ئىللەتلىرىدىن چەكلەپ كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر «الصراط المستقيم» دېگەن سۆزدىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن سەل قاراشتىن خالىي ئوتتۇراھاللىق مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى كۈچلەندۈرىدۇ. سۈرە فاتىھەنىڭ بۇ ئايەتلىرىمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ: «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن).»①

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە توغرا يولنىڭ دىندا سەل قاراپ ئۆزىنىڭ غەزىپىگە يولۇققانلار بىلەن، دىندا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ ھەقتىن ئازغانلارنىڭ يولى ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئىنئام قىلغان پەيغەمبەرلەرنىڭ، راستچىللارنىڭ، شېھىتلەرنىڭ ۋە سالىھلارنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن.

«قۇرئان كەرىمدە تەشەببۇس قىلىنغانئوتتۇرا ھاللىق» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى دوكتور ئەلى مۇھەممەد سەللابى مۇنداق يازىدۇ: يۇقىرىدىكىلەردىن «الصراط المستقيم» نىڭ مەنىسىنىڭ ئوتتۇراھاللىققا دالالەت قىلىدىغانلىقى تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. ئوتتۇراھاللىقتا تېپىلىدىغان ياخشى ۋە ئوتتۇراھال دېگەن مەنىلەر «الصراط المستقيم» نىڭ مەنىسىدىمۇ تېپىلىدۇ. سۈرە فاتىھەدە ئاللاھ تائالا بىزگە تەلىم بېرىپ: «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن» دېدى. ئاندىن ئۇ يولنى بىزگە چۈشەندۈرۈپ: «سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)» دېدى. ئاندىن ئۇنى تېخىمۇ ئىزاھلاپ: «غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس» دېگەن جۈملىنى كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا «الصراط المستقيم» نىڭ ئۆزى ئىنئام قىلغان پەيغەمبەرلەر، راستچىللار، شېھىتلەر ۋە سالىھلارنىڭ يولىدىن ئىبارەت ياخشىلارنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن بولدى. ئۇ يول بولسا، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇققانلار بىلەن ئازغانلارنىڭ يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولدۇر.

شۇنىڭغا ئوخشاش، ئاللاھ تائالا

①فاتىھە 6 ـ، 7 ـ ئايەتلەر.

سۈرە بەقەرەدە مۇنداق دېيىلدى: «ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ».① ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇلاپلا: «شۇنىڭدەك كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ئوتتۇراھال (يەنى ياخشى) ئۈممەت قىلدۇق»② دېدى. تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتتىكى «وكذلك» دېگەن سۆزدىكى «ك» ھەرىپى ئۇستىدە توختىلىپ، بۇ ھەرىپنىڭ ئىككى جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىنى باغلاش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى يەنى ئۇلارنى ئوتتۇراھال ئۈممەت قىلغانلىقى بىلەن ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىغانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىنى باغلاش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى تەكىتلىدى.③

## توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى

توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇش ھەر بىر مۇئمىن-مۇسۇلمان ئۈچۈن ئەلۋەتتە مۇھىم. چۈنكى بۇ، ئىنسانىي ھالاكەتتىن ساقلاپ، نىجاتلىق ۋە غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغان داغدام يولدۇر. مەن ئىلگىرى بىر تۈركۈم قېرىنداشلارنىڭ بىر مەزگىل سەل قاراش ئىچىدە تىڭىرقاپ يۈرگەنلىكىنى، كېيىن بەزى دەۋەتچىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن توغرا يولنى تونۇپ، ئىسلام تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىشقا باشلىغانلىقىنى، لېكىن ئاللاھ بېكىتمىگەن بەزى ئىشلارنى ئۆزلىرىگە يۈكلىۋېلىپ، تەدرىجىي چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن خېلى تەقۋالىقى بىلەن تونۇلغان ئۆلىمالارنى مەنسىتمەيدىغان، ئۇلارنىڭ تائەت-ئىبادەتلىرىنى ياراتمايدىغان يەرگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بەك ئەپسۇسلانغانىدىم. چۈنكى ھەددىن شەرىئەتتە دېيىلگەندەك، ئۇلارنىڭ ئۇزۇنغا بارماي مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغانىدىم. كېيىن مەن ئۇلار بىلەن قايتا ئۇچراشقىنىمدا مەن پەرەز قىلغاندەك، ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆردۈم. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كونا ئادەتلىرىگە قايتىپ، چېكىش-ئىچىشنى قايتىدىن باشلىۋەتكەنىدى. دېمەك، توغرا يولنى تېپىش بىر مەسىلە، ئەمما ئۇ يولدا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇستەھكەم تۇرۇش تېخىمۇ مۇھىم مەسىلىدۇر. «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىم دېگىن، ئاندىن ئۇنىڭدا مۇستەھكەم تۇرغىن.»④ «ئاللاھقا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان ئەمەل ئاز بولسىمۇ داۋام

①بەقەرە 142-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
②بەقەرە 143-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③تەپسىر تەھرىر ۋەتتەنۋىر، ۋە تەپسىر تەبەرىي.
④ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

www.uyghurkitap.com

قىلغان ئەمەلدۇر.»①

ئۆلىمالار توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن ۋە ئۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە بىر قانچە نۇقتىلارنى بايان قىلغان بولۇپ، تۆۋەندە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1 ـ توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇش ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى ئەسلى غايە بولغان قۇللۇقنى ھەقىقىي ئەمەللەشتۈرۈش بولۇپ، ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە مۇۋەپپەقىيەت ۋە غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

2 ـ ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنى، شۇنىڭدەك پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلارنى توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا بۇيرىغان:

«شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى دىندا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى ئۈچۈن) (ئى مۇھەممەد! بارلىق ئىنسانلارنى توغرا دىن ئاساسىدا ئىتتىپاق بولۇشقا) چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرغىن.»②

«(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ سېنى بۇيرۇغاندەك توغرا يولدا بولغىن، ساڭا ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا يولدا بولسۇن. (مەنئىي قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ) ئاللاھنىڭ چەكلىرىدىن چىقىپ كەتمەڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»③

شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالا بارلىق پەيغەمبەرلىرىنى، جۈملىدىن مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنىمۇ توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا بۇيرىغان. «ئىككىڭلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى، توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار، نادانلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار.»④

3 ـ سۇفيان ئىبنى ئابدۇللاھ سەقەفىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ: يا رەسۇلۇللاھ، ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچكىمدىن سورىمىغىدەك، ئىسلامدا مۇھىم بىر سۆزنى ئېيتىپ بەرگەن بولسىلا دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىم دېگىن، ئاندىن توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرغىن» دېگەنىدى.⑤

ئى ئاللاھ، «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)»⑥ ۋە بۇ يولدا مۇستەھكەم قىلغىن، ئامىن.

---

①ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
②شۇرا 15 ـ ئايەت.
③ھۇد 112 ـ ئايەت.
④يۇنۇس 89 ـ ئايەت.
⑤ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
⑥فاتىھە 6 ـ، 7 ـ ئايەتلەر.




ساغلام ئەقىدىگە ئىگە بىر مۇسۇلمان پانىي ھاياتنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر ئىمتىھان مەيدانى، سىناق ئالىمى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ ۋە پۈتۈن ھاياتىنى مۇشۇ ئەقىدە يېتەكچىلىكىدە ئىدارە قىلىدۇ ياكى شۇنداق قىلىشقا تىرىشىپ ياشايدۇ. بۇ خىل ھايات چۈشەنچىسى دائىم مۇسۇلمانلارنى ھاياتنىڭ ھەر ساھەسىدە، ھەر ئان، ھەر پەيتىدە بىخۇتلۇق، غەپلەتتىن ساقلاپ، ئويغاق تۇتۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۆزىنىڭ ھەر دەقىقە ئىمتىھان ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىغا ئىشەنگەن بىر ئادەم، تەبىئىيلا بارلىق ئېھتىماللىق، مۇمكىنچىلىكلەرگە تەييارلىقى بولىدۇ. كەلگەن مۇسىبەت، دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق، ئۇچرىغان كىرىزىسلارنى سىناق دەپ چۈشەنگەچكە، ئۇلارنى ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش پۇرسەتلىرىگە ئايلاندۇرالايدۇ.

مەن دائىم ھاياتتىن ئىبارەت بۇ ئىمتىھاننى بىز مەكتەپلەردە كىرىدىغان ئىمتىھانلارغا ئوخشىتىپ قالىمەن. مەكتەپتىكى ئىمتىھانلاردا بىز ئوقۇتقۇچى تارقىتىپ بەرگەن سەككىز، توققۇز بەتلىك سوئاللارنى ئىشلەيمىز. ئادەتتە سوئاللار ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ھەممىدە

www.uyghurkitap.com

سوئاللارنىڭ نىسبىتىدە ئاسان سوئاللارنىڭ نىسبىتى كۆپ، بېرىدىغان نومۇر ئاز، قىيىن سوئاللارنىڭ نىسبىتى ئاز، ئەمما بېرىدىغان نومۇر يۇقىرى بولىدۇ. باشتا توغرا-خاتانى ئايرىش، تاللاش، بوش ئورۇن توشقۇزۇش، ئۇقۇملارنىڭ تەبىرىنى يېزىش ياكى يادلىغان يادلىمىغانلىقىمىز سىنىلىدۇ. ھەربىر جاۋابقا يېرىم نومۇر، بىر نومۇر، ئېشىپ كەتسە ئىككىدىن بەشكىچە نومۇر بېرىلىدۇ. بۇ سوئاللاردىن ئاتمىش، يەتمىشنى ئىشلىۋەتسەكمۇ، ئاران ئەللىك يا ئاتمىش نومۇر ئالالايمىز. سوئاللارنىڭ ئاخىرىدا تەھلىل قىلىش، ماقالە يېزىش، مەسىلە ھەل قىلىش دېگەندەك (ئادەتتە قىيىن سوئاللار كۆپىنچە ئاخىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى) قىيىن سوئاللاردىن بىر، ئىككىسى چىقىدۇ، پۈتۈن سوئالنىڭ ئون پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىشى مۇمكىن، بىراق نومۇرى ئوتتۇز، قىرىق بولىدۇ. يەنى، باشتىكى نومۇرى ئاز قۇمدەك سوئاللارنى ئىشلىۋەتسەكمۇ، كەيىندىكى قاتتىق سۆڭەكلەرنى بىر تەرەپ قىلالمىساق ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىك ئېھتىمالىمىز ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ.

ئاشۇ قىيىن سوئاللارغا نېمىشقا يۇقىرى نومۇر بېرىلىدىغانلىقىنى ھازىر ئويلاپ باقسام، ئەسلىدە شۇ سوئاللار بىزنىڭ ئالدىدىكى ئىشلىگەن سوئاللاردىكى بىلىملەرنى ھەقىقىي ئۆزلەشتۈرگەن ياكى ئۆزلەشتۈرمىگەنلىكىنى ئۆلچەيدىكەن. يەنى، باشتىكى مەلۇمات خاراكتېرلىق بىلىملەرنى بىلگەن بىلمىگىنىمىز كەيىندىكى قىيىن سوئاللارنى ئىشلىگەندە تەتبىقلىنىشى كېرەك بولىدىكەن. ئەگەر ئۇلارنى تەتبىقلاپ ئىشلىيەلمىسەك، دېمەك بىز ئۇ بىلىملەرنى پەقەتلا يادلىغان، ئەمما چۈشەنمىگەن ھېسابلىنىدىكەنمىز. مەسلەن: سىزنىڭ ئەدەبىيات ئىمتىھانىڭىزدا ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى نېمە دېگەن بىر سوئال چىقتى. سىز يادلىغىنىڭىز بويىچە ئۆلچەملىك جاۋابنى يازدىڭىز. بۇ پەقەت تۆت نومۇرلۇق بىر سوئال. ئەمدى ئاخىرقى يىگىرمە نومۇرلۇق بىر سوئالدا سىزگە بىر تېكىست بېرىلىپ، ئۇنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسىنى تېپىپ چىقىش تەلەپ قىلىندى. ئەمما سىز بۇنى توغرا ئىشلىيەلمىدىڭىز. بۇنى ئىشلىيەلمىگەنلىكىڭىز دەل سىزنىڭ ‹ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى› دېگەن ئۇقۇمنى گەرچە توپ توغرا يادلىغان بولسىڭىزمۇ پەقەت چۈشەنمىگەنلىكىڭىزنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. يەنى، سىز ماھىيەتتە بۇ بىلىمنى ئۆزلەشتۈرەلمىگەن بولىسىز. ماتېماتىكىنى مىسال ئالايلى، سىز ئىككى

نامەلۇملۇق بىرىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمە دېگەن نېمە دېگەن سوئالغا ئۆلچەملىك جاۋاب بەردىڭىز، بىراق ئاخىرىدىكى دەل سىز توغرا جاۋابىنى يازالىغان ئىككى نامەلۇملۇق بىرىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىنى ئىشلىتىپ ئاندىن يېشىدىغان مەسىلىنى يېشەلمىدىڭىز. ئەگەر سىز ئۆزىڭىز توغرا يادلىغان ئۇقۇمنى ھەقىقىي چۈشەنگەن بولسىڭىز، كېيىندىكى مەسىلىنى چۈشەنگەن ئۇقۇمىڭىزنى تەتبىقلاپ يېشەلىگەن بولاتتىڭىز. يېشەلمىگىنىڭىزنى ئۆزى سىزنىڭ ئۆزىڭىز يازالىغان ئۇقۇمنى ئەمەلىيەتتە چۈشەنمىگەنلىكىڭىزنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. باشقا پەنلەرنىڭ ئىمتىھانىنىمۇ مۇشۇنداق تەھلىل قىلىش مۇمكىن.

بۇ تەھلىلدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ئىمتىھان قەغىزىنىڭ بېشىدىكى ئاسان سوئاللار بىزنىڭ شۇ پەندىكى ئەڭ تۆپكى، ئاساس بىلىم، مەلۇماتلارنى قانچىلىك بىلىدىغانلىقىمىزنى ئۆلچىسە، ئاخىرىدىكى قىيىن سوئاللار بىزنىڭ دەسلەپتە يازغان جاۋابلىرىمىزنى ھەقىقەتەن چۈشەنگەن چۈشەنمىگىنىمىزنى ئەمەلىي مەسىلە ھەل قىلىشتا تەتبىقلىتىش ئارقىلىق ئۆلچەيدۇ. چۈنكى مەلۇماتلارنى يادلىيالىغانلىقىمىز، پەقەت بەزى مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئۇشبۇ مەلۇماتلاردىن پايدىلىنىپ، شۇ مەلۇماتلارنى يادلىمىغانلارغا قارىغاندا ھەل قىلالىش ئېھتىماللىقىمىزنىڭ يۇقىرىلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما چوقۇم ھەل قىلالايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرمەيدۇ. ئىنسان چۈشەنمىگەن نەرسىلىرىنىمۇ يادلىيالايدۇ، ھالبۇكى، يادلىيالىغانلىقى چۈشەنگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. رېئال ھاياتتىمۇ بىز چۈشەنمەي يادلىغان بىلىملىرىمىز ئارقىلىق ھېچقانداق مەسىلىنى ھەل قىلالمايمىز. باشقىچە ئېيتساق، ئەگەر بىز مەلۇم مەسىلىگە دۇچكەلگەندە، ئۇنى كاللىمىزدىكى مەلۇم بىلىملەرنى ئىشلىتىپ ھەل قىلغان بولساق، بۇ بىزنىڭ شۇ بىلىمنى ئۆزلەشتۈرگەنلىكىمىزنى، بىلىمنىڭ ھەقىقىي مەنىدە بىزنىڭ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەمدى بىز سىنىپتىكى ئىمتىھاندىن ھاياتتىكى ئىمتىھانغا قايتايلى. ھاياتمۇ ماھىيەتتە ئەنە شۇ سىنىپتىكى ئىمتىھانغا ئوخشاپ كېتىدۇ. قۇرئان كەرىم ھاياتلىقنىڭ بىر تۈرلۈك سىناق ۋە چوڭ ئىمتىھان ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. «ئاللاھ سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئۆلۈمنى ۋە

www.uyghurkitap.com

هاياتلىقنى ياراتقان زاتتۇر»① دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئايەتتە، ئۆلۈمنىڭ ھاياتلىقتىن ئىلگىرى كەلتۈرۈلگەنلىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىر كۈنى چوقۇم ئۆلىدىغانلىقنى ئەسكە ئېلىپ خۇددى يىغىشى ئۈچۈن بولسا كېرەك. ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنى ياراتقانلىقى سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلىنىڭ ئەڭ ياخشى، قايسىڭلارنىڭ ئەمەلىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى سىناش، قايسىڭلارنىڭ ئەڭ ئىخلاسلىق، ئەڭ ئىتائەتچان، ئەڭ تەقۋادار ئىكەنلىكىڭلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈندۇر. ئەسلىدە ئىنساننىڭ ئەمەلى ياخشى بىلەن يامان ئوتتۇرىسىدا ئەمەس، بەلكى ئەڭ ياخشى بىلەن ياخشى ئوتتۇرىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى. دېمەك، ئاللاھ تائالا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن ھاياتلىقنى ياراتتى. بۇ ھاياتلىق پەقەت سىناق مەيدانىدۇر، ئەمما ئۆلۈم مۇكاپات ياكى جازا مەيدانىدۇر. ھاياتتا ياشاش داۋامىدا ھەر كۈنى سان-ساناقسىز سىناقلارغا ۋە ھەر خىل مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىمىز، ئۇ مەسىلىلەرنىڭمۇ مۇھىملىقى، قىيىنلىقى پەرقلىق بولىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا قىيىن مەسىلىلەر بىر قەدەر ئاز، ئاددىي مەسىلىلەر كۆپ بولىدۇ. خۇددى مەكتەپنىڭ ئىمتىھانلىرىدىكىدەك، ئاسان، ئاددىي مەسىلىلەردە ئىپادىمىز تولىمۇ قالتىس بولىدۇ، ئاسانلا ھەل قىلىۋېتىمىز، بىراق قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچكەلگەندە نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمەي گاڭگىرايمىز، نۇرغۇنلىرىمىز قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايمىز ياكى خاتا ھەل قىلىپ قويىمىز. بۇ ھايات ئىمتىھانىدىمۇ ئاللاھتائالانىڭ جاۋابلىرىمىزغا بېرىدىغان نومۇرلىرىمۇ خۇددى بىزنىڭ مەكتەپتىكى ئىمتىھانلىرىمىزدىكىدەك، سانى كۆپ ئەمما، ئاسان سوئاللارنىڭ جاۋابىغا ئاز، بىراق سانى ئاز، قىيىن سوئاللارنىڭ جاۋابىغا بېرىدىغان نومۇرىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە مەن بۇ ئوخشىتىش ئارقىلىق مۇنداق تۆت نۇقتىنى يورۇتماقچى: بىرى، ئىمتىھان قەغىزىدىكى ئاسان سوئاللار بىزنىڭ نورمال، راھەت شارائىت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەمەل-ئىبادەتلىرىمىزگە ئوخشايدۇ. قىيىن سوئاللار بولسا بىزنىڭ ھاياتتىكى قىيىن پەيت، جىددىي دوقال، ئېغىر مەسىلىلىرىمىزگە ئوخشايدۇ. يەنى، ئاللاھتائالانىڭ تارازىسىدا ھەقىقىي ئېغىر كېلىدىغىنى بىزنىڭ نورمال

① مۇلك سۈرىسى: 2 ـ ئايەت.

هاللىرىمىزدىكى بەدەلسىز، قۇربانسىز ئەمەللىرىمىز ئەمەس، بەلكى ئەنە شۇ قىيىن پەيت، ئېغىر كىرىزىسلار ئالدىدىكى ئەمەل-ئىپادىمىزدۇر. ئىككىنچىسى بولسا، خۇددى ئىمتىهان قەغىزىدىكى ئاددىي سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ھەقىقىي چۈشەنگەندىلا كېيىندىكى قىيىن سوئالغا جاۋاب تاپقىلى بولغاندەك، بىزمۇ ئادەتتە ئاڭلاپ، ئوقۇپ بىلىۋالغان ئايەت-ھەدىسلەرنى شۇ قىيىن پەيتلەردە ئەسلىيەلىسەك، شۇ ھاللىرىمىزدا تەتبىقلىيالىساق ئاندىن ئۇلارنى ھەقىقىي چۈشەنگەن بولىمىز. ئۈچىنچىسى، ئىمتىهان قەغىزىدىمۇ ئاددىي سوئاللار كۆپ، قىيىن سوئاللار ئاز بولغىنىدەك، ھاياتلىق ئىمتىهانىدىمۇ ئاسان سوئاللار، ئاددىي مەسىلىلەر كۆپ، قىيىن مەسىلىلەر، قىيىن پەيتلەر نىسبەتەن ئاز بولىدۇ. تۆتىنچىسى، ئىمتىهاندىمۇ ئاددىي سوئاللارنى سۈدەك ئىشلەپ، قىيىن مەسىلىلەردە دۇم چۈشكىنىمىزدەك، ھاياتلىق ئىمتىهانىدىمۇ نورمال ھاللاردا تولىمۇ تەقۋادار بولالىساقمۇ، ئالاھىدە ھاللاردا، قىيىن پەيتلەردە دائىم ئۇشبۇ ئانلار تەقەززا قىلغان ئىسلامىي پوزىتسىيە ۋە ئەمەللەرنى ئۇنتۇپ قالىمىز. يەنى، قىيىن سوئاللىرىمىزنى ئىشلىيەلمەيمىز. ھالبۇكى، بىزنىڭ ئىمتىهاندىن ئۆتكەن ئۆتەلمىگەنلىكىمىزنى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا دەل ئاشۇ كېيىندىكى سوئاللار بەلگىلەپ قويىدۇ. باشقىچە ئېيتقىنىمىزدا، بىزنىڭ ئىسلامنى ھاياتقا قانچىلىك دەرىجىدە تەتبىقلىغىنىمىزنى، ھايات سىناقتۇر دېگەن ھەقىقەتنى قانچىلىك دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرگىنىمىزنى بىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى ئاز، ئەمما ئىنتايىن ئاچقۇچلۇق دەقىقىلەردىكى ئىپادىمىز بەلگىلەيدۇ.

قېنى بىز بۇ دېگەنلىرىمىزنى ھاياتتىكى بەزى كونكرېت سەھنىلەرگە تەتبىقلاپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى. نورمال شارائىتتا كۆپىنچىمىز ئۆزىمىزنى پەقەت باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېمەيدىغان، ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردە ناھايىتى پاكىزە ھېس قىلىمىز. يېقىن دوستىڭىز بىزگە چەتئەلگە مېڭىشتىن بۇرۇن بىر مىليون سوم پۇلنى ئامانەت قويۇپ، بۇنى ھېچكىمنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى، ھەتتا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. كېيىن ئۇ دوستىمىزنىڭ ھېچقانداق ئىز-دېرىكى بولمىدى ۋە ئاخىرىدا ئۇ دوستىمىزنىڭ چەتئەلدە تۇگەپ كەتكىنىدىن خەۋەر تاپتۇق. ئەمدى بۇ پۇلنى قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن يۇقىرىدا تولا تىلغا ئالغان ئالاھىدە ھال دەل مانا مۇشۇنداق بىزگە ئېغىر سىناق شەكىللەندۈرىدىغان پەيتلەردۇر. دەل شۇ ۋاقىتتا بىز بىر سودىغا مەبلەغ

سالماقچى، ئەمما پۇلىمىز يېتىشمىدى، يانچۇقىڭىزدا سىزدىن باشقا ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق بىر مىليون بار. بۇ ۋاقىتتا بۇ پۇلنى ئەسلى مىراس ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرەلەمسىز؟ ئۇنداق ئاسان ئەمەس. مانا مۇشۇ ئالاھىدە ھالدا ئاندىن سىزنىڭ كىشىنىڭ ھەققىگە قانچىلىك دىققەت قىلىدىغانلىقىڭىز سىنىلىدۇ. ئۆزىڭىزنى قېرىنداشلىق مەسئۇلىيەت ئېڭىڭىزنى كۈچلۈك دەپ قارىشىڭىز مۇمكىن، نورمالدا دائىم قېرىنداشلىرىڭىزنى يوقلاپ تۇرىسىز، سوغا ـ سالام قىلىپ تۇرىسىز. كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېقىن بىر دوستىڭىزنىڭ بېشىغا ئېغىر بىر كۈن كەلدى. ئېغىر كېسەل بىلەن دوختۇرغا كىرىپ قالدى، داۋالىنىشقا يۈزمىڭ سوم كېتىدۇ، دوستىڭىزدا ئۇنداق جىق پۇل يوق، ئەمما سىزدە بار. مانا مۇشۇ پەيتتە ئېسىڭىزگە «ساۋابى ئەڭ يۇقىرى سەدىقە، تېنى ساق، پۇلنى بەك چىڭ تۇتىدىغان، بايلىقنى ئارزۇ قىلىدىغان، يوقسۇللۇقتىن قورقىدىغان تۇرۇقلۇق بەرگەن سەدىقىدۇر»① دېگەن ھەدىس ئېسىڭىزگە كېلىپ، دوستىڭىزنىڭ قايتۇرالىشى ـ قايتۇرالماسلىقىنى ئويلىماستىن بېرىپ تۇرالامسىز؟ بۇ سنارىيەنى يەنە داۋاملاشتۇرايلى. مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن بىر دوستىڭىز بىلەن ئارىڭىزغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالدى، بۇرۇنقىدەك يوقلاشمايدىغان بولۇپ قالدىڭىز. بۇ ئىشتا ئۆزىڭىزنى ھەقلىق دەپ ئويلايسىز. مانا مۇشۇ ۋاقىتتا «(سەن يامانلىققا) ئەڭ ياخشى (خىسلەت) بىلەن تاقابىل تۇرغىن. (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ»② دېگەن ئايەت ئېسىڭىزگە كېلەمدۇ؟ مەن ھەقلىق، ئۇ خاتا تۇرسا ئاۋال ئۇ كەچۈرۈم سورىشى كېرەك دېگەن ھېسلىرىڭىزنى «ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئىككى ئادەمنىڭ ئاۋۋال سالام بەرگىنى ئۇلارنىڭ ياخشىسى»③ دېگەن ھەدىس بىلەن يېڭىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن دوستىڭىزنى ئىزدىيەلەمسىز؟

ئىنسان ھاياتىنىڭ بارلىق قاتلاملىرىدا، يەنى مەنىۋى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ھەتتا سىياسىي قاتلاملىرىدا، مانا مۇشۇنداق ئالاھىدە ھاللار، جىددىي پەيتلەر ھەر دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. نورمال ھاللىرىمىزدا ئۆزىمىز ئۆزىمىزگە تولىمۇ دىندار، تەقۋادار بىلىنىپ قالىمىز، چۈنكى نۇرغۇن ‹كۈندىلىك ئاسان

①ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

②فۇسسىلەت سۈرىسى: 34 ـ ئايەت.

③ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

سوئاللارنى› توغرا ئىشلىگەچكە، ئىمتىھاندىن چوقۇم ئۆتۈپ كېتەلەيدىغان تۇيغۇلارغا ئەسىر بولۇپ قېلىپ، ‹قىيىن سوئال› لار ئالدىدا تەمتىرەيمىز، شۇ ئالاھىدە ھال تەلەپ قىلغان ئىشلارنى بىجا كەلتۈرەلمەيمىز. ئادەمنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ قانداقلىقى دەل شۇ مەنىۋى دۇنياسى سىنىلىدىغان پەيتلەردە ئاندىن بىلىنىدۇ. ئىنسان بەزىدە ئۆزىنى چۈشەنمەك ئۈچۈن ئۆزىگە جەڭ ئېلان قىلىپ بېقىشى كېرەك. ئۆزىنى ناھايىتى سەبىرلىك، چىدامچان دەپ چاغلايدىغان بىر ئادەم ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندا بەلكىم ئۆزىنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا چىداملىق ئەمەسلىكىنى بىلىپ قېلىشى مۇمكىن. قىزلار بىلەن ئۇچرىشىش مۇھىتى يوق شارائىتتا ئوقۇغان، ئۆزىنى تولىمۇ ئېپپەتلىك دەپ ئويلايدىغان بىر يىگىت، قىزلار بىلەن ئارىلىشالايدىغان مۇھىتتا ئاندىن ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئېپپەتلىكلىكىنى تونۇپ يېتىشى مۇمكىن.


غارغا قامىلىپ قېلىپ ھاياتىدىكى ئۆزى ئەڭ ياخشى دەپ قارايدىغان ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىپ دۇئا قىلىش بىلەن غاردىن قۇتۇلغان ئۈچەيلەننىڭ ۋەقەسى بايان قىلىنغان ھەدىسنى كۆپىنچىمىز بىلىشىمىز مۇمكىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە مۇنداق بىر قىسسىنى بايان قىلىپ بەرگەن: «مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن ئۈچ ئادەم يولدا كېتىۋاتقىنىدا ئۇشتۇمتۇت قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ، ئۇلار بىر ئۆڭكۈرگە كىرىۋالىدۇ، تاغ ئۈستىدىن بىر يوغان تاش دومىلاپ چۈشۈپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋالغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلار ئۆڭكۈر ئىچىگە سولىنىپ قېلىپ چىقىپ كېتىشكە ھېچقانداق چارە قالمىغاندا، ئۇلاردىن ھەربىرى ئۆزىنىڭ خالىس ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى ۋاستە قىلغان ھالدا ئاللاھقا كامالىي ئىخلاسى بىلەن دۇئا قىلغىنىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى ئېچىلىدۇ ۋە ھەممىسى سالامەت چىقىپ كېتىدۇ»[①]. شۇ ئۈچەيلەننىڭ زىكىر قىلغان ئەمەللىرىگە قاراپ باقىدىغان بولساق، ھەممىسىنىڭ دەل ئالاھىدە ھاللاردىكى ئەمەللەر ئىكەنلىكىنى، باشقىچە ئېيتقاندا، ھايات ئىمتىھانىدىكى ‹چوڭ سوئال›لىرىغا توغرا جاۋاب بەرگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. نورمال ھاياتتا بىر ئىنساننىڭ بىكاردىن بىكار سەبىر قىلىپ يۈرۈشىنىڭ؛ نەپسىنى يىغىپ يۈرۈشىنىڭ ھېچ ئورنى يوق. مەسىلە سەبىرنى تەقەززا قىلىدىغان مۇسىبەت يۈزبەرگەندە، نەپسىمىزنى تاقىلدىتىدىغان ئېزىتقۇلارغا ئۇچرىغاندا ئاندىن بىزنىڭ

(①) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قانداق ئىپاددە بولۇشىمىزدا، يۇقىرى نومۇرلۇق ئىمتىھان سوئاللىرى دېگىنىم دەل مانا مۇشۇنداق بىزدىن ئېغىر ماددىي ۋە مەنىۋىي بەدەل تەلەپ قىلىدىغان ئىشلاردۇر. مانا مۇشۇ پەيتلەردىكى ئىپادىمىز ئاندىن ھەقىقىي سۈزۈك، ئويغاق مۇئمىنلىكىمىزنىڭ ئىسپاتىدۇر. ئىسلامنى ھاياتقا تەتبىقلاش ماھىيەتتە دەل ھاياتتىكى ‹ چوڭ سوئال› لارنى ئىشلەشتە، ‹ئالاھىدە ھال› لاردىكى مەسىلىلەرنى ئۆز تەقەززاسى بويىچە قانداق ھەل قىلىشتا ئاندىن ئىپادىلىنىدۇ.

شۇڭلاشقا ھەممىمىز چوقۇم ھەر دائىم، ھەر ۋاقىتتا ھاياتىمىزدىكى ئالاھىدە ھاللارنى پەرقلەندۈرۈشنى، ئەڭ مۇھىمى شۇ ئالاھىدە ھاللارنىڭ بىزدىن زادى قانداق پوزىتسىيە ۋە قانداق ھەرىكەت تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى چوقۇم بىلەلىشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ بۈگۈن بىز ئۇيغۇرلار مىسلىسىز ئېغىر پاجىئە يەنى ‹ ئالاھىدە ھال› ئىچىدە ياشاۋاتىمىز. ئەگەر بىز بۇ ئالاھىدە ھالنىڭ تەلىپىنى چۈشىنەلىسەك، بەلكى بۇ پاجىئەدە تاۋلىنىپ پولاتقا ئايلىنالىشىمىز، چۈشىنەلمىسەك كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىشىمىز مۇمكىن. ھەممىمىزنىڭ ئۆزىمىزدىن ھەر دائىم نۆۋەتتىكى ئالاھىدە ھال مەندىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ؟ بۇنىڭغا نىسبەتەن تۇتامىم ۋە ھەرىكىتىم قانداق بولۇشى كېرەك؟ بۇنىڭغا ئىسلام زادى نېمە دەيدۇ؟ دېگەن سوئاللارنى سەممىيەت بىلەن سوراپ تۇرۇشىمىز، بىزنى ھاياتتىكى چوڭ سوئاللار ئالدىدا تەمتىرىمەيدىغان سالماقلىققا، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز دىئاگنوز قويالايدىغان ئۆتكۈرلۈككە ئىگە قىلىدۇ. مېنىڭچە مۇشۇنداق سۈزۈك ئاڭغا ئىگە بىر مۇئمىن، ھاياتنىڭ ئوخشىمىغان قاتلاملىرىدىكى ئالاھىدە ھاللىرىدا پىسخىك ۋە مەنىۋىيەت دۇنياسىغا تەۋە قىيىن مەسىلىلىرىنى ئۆزى ھەل قىلالايدۇ. ھازىر ھەر بىر ئۇيغۇر مۇسۇلمان مانا مۇشۇ ئاڭ ۋە ئۆتكۈرلۈك بىلەن ئۆزىنىڭ مەنىۋىي دۇنياسىنى بولسىمۇ ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرالىشى، زېمىننى ئىشغال قىلىۋالغان خىتاينىڭ قەلبىنىمۇ ئىشغال قىلىۋېلىشىغا قەتئىي يول قويماسلىقى، ھېچكىم مۇداخىلە قىلالمايدىغان بۇ ئاخىرقى قەلئەنى غەپلەتسىز ئويغاقلىق بىلەن خۇددى ساناقسىز بايلىق ساقلانغان خەزىنىنى قوغدىغاندەك قوغداش لازىم. چۈنكى خىتاينىڭ زۇلمىدىن كەلگەن ۋەھىمە، قورقۇنچ، ئۈمىدسىزلىك، مەنىسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ھەممىسى قەلبىمىزنىڭمۇ ئىستېلا قىلىنىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. بىر مۇئمىن ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغىمۇ ئىگە بولالمىسا، ئاخىرقى ھېسابتا ھېچنىمىسىگە ئىگە بولالمايدۇ.




ئىنسان ھەر تۈرلۈك قىينچىلىقلارغا قارشى مۇجادىلە ئارقىلىق ھاياتنى قامداش ئۈچۈن يارىتىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا: «بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە ياراتتۇق»① دېگەن. دېمەك، ئىنسانلار مەيلى شەخسىي ھاياتىدا بولسۇن ياكى ئىجتىمائىي ھاياتىدا بولسۇن ھەرتۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلاردىن خالى ئەمەس. ئۇنداق بولغان ئىكەن ئىنسان مەيلى دۇنيادا ماددىي جەھەتتىن بەختلىك ياشاش، مەيلى ئاخىرەتلىك مەنىۋىي ھاياتتا ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىپ مەڭگۈلۈك سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرتۈرلۈك قىينچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ ھارماي ـ تالماي ئىشلىشى، ھەرقانداق پىشكەللىك ئالدىدا قەتئىي مەيۇسلەنمەسلىكى، ئۈمىدۋار لازىم. شۇڭلاشقا بىزدە: «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ»، «قولنى كەسمىگىچە قان چىقمايدۇ» دەيدىغان ماقال بار.

شەخسلەرگە ئوخشاش مىللەتلەرنىڭ بەختلىك بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشمۇ شۇ مىللەت ئەزالىرى بولغان ئىنسانلارنىڭ قىيىنچىلىقلار ئالدىدا مەيۇسلەنمەستىن، قۇربانلىق بېرىشتىن قورقماستىن، پىداكارلىق بىلەن جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق بولىدۇ. بۇ ھەممىگە

① سۈرە بەلەد: 4 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئايان بولغان ئاددىي بىر ھەقىقەت.

بىز ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلار، زۇلۇملار شۇنداق كۆتەرگۈسىز ئېغىر، دۈشمىنىمىز بىزگە نىسبەتەن ھەددىدىن زىيادە كۈچلۈك، دۇنيا بىزنى كۆرمەسكە سېلىۋاتقان ۋە بۆرىنىڭ ئالدىغا قوزىنى تاشلاپ بەرگەندەك دۈشمەنگە تاشلاپ بەرگەن بولسىمۇ، قولىمىزدىن زۇلۇمغا قارشى بىر ئىش كەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بولساقمۇ، مەيۈسلىنىشكە قەتئىي بولمايدۇ. ئۈمىدۋار بولۇپ، توغرا يۆنىلىش ھاسىل قىلىپ، شۇ يولدا مېڭىشىمىز لازىم. مانا مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلىپ تۆۋەندە مەيۈسلۈك ـ ئۈمىدسىزلىكنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىلىرى ھەققىدە ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزگە قىسقىچە مەلۇمات بەرمەكچىمەن.

## مەيۈسلۈك دېگەن نېمە؟:

مەيۈسلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىك ـ كۈتكەن ياخشىلىقلارغا ئېرىشەلمەسلىككە، بېشىغا كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە زۇلۇملاردىن قۇتۇلۇشقا ئىشەنچىنىڭ يوقۇلۇشىدۇر.

مەيۈسلۈك ـ ئىشلىمەسلىك، ئۆزىنى تاشلىۋېتىش، كەلگۈسىنى كۆزلىمەسلىكتۇر.

مەيۈسلۈك ـ تەسلىم بولۇش، ئۈمىد ۋە ئارزۇنىڭ يوقۇلۇشىدۇر.

مەيۈسلۈك ـ ئىرادىنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، ھەممەتنى يوقىتىدىغان مىكروپتۇر.

مەيۈسلۈك ـ ئىنساننى ئىچىدىن چىرىتىپ تۈگەشتۈرىدىغان، دۇنيادا ھالاكەتكە، ئاخىرەتتە دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان، ئىنتايىن خەتەرلىك راك كېسەللىدۇر.

## مەيۈسلۈك دىنىمىزدا ھارام:

دىنىمىزدا مەيۈسلۈك، ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ھارامدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا: «ياخشى ئاقىۋەت مۇتتەقىلەرگە خاستۇر»[1] دېگەن. بۇ يەردىكى ياخشى ئاقىۋەت ـ دۇنيادا غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈك، ئاخىرەتتە جەننەتتۇر. ئاللاھ تائالا يەنە: «بوشىشىپ قالماڭلار، قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار ئۈستۈنلۈكنى سىلەر ئىگەللەيسىلەر»[2] دەيدۇ. بۇ ئايەتكە ئىشەنگەن مۇئمىننىڭ ئۈمىدسىز بولۇشى، مەيۈسلىنىپ ئۆزىنى تاشلىۋېتىشى، غەلىبە يولىدا تىرىشماسلىقى چوڭ گۇناھتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى ئۈمىدسىزلىكتىن مەنئى قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار»[3]، «ئەي ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغان قۇللىرىم! ئاللاھنىڭ

① سۈرە قەسەس: 83 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە ئال ئىمران: 139 ـ ئايەت.
③ سۈرە يۇسۇف: 87 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

رەھمىتىدىن ئۈمىدىڭلارنى ئۈزمەڭلار..»[1]، «ئۈمىدسىزلەردىن بولمىغىن»[2]

## مەيۈسلۈك كاپىرلارنىڭ سۈپىتى:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىدىن گۇمراھلاردىن باشقا كىممۇ نائۈمىد بولار؟»[3]

«ئىنسانلارغا رەھمەتنى تېتىتساق، ئۇلار ئۇنىڭدىن خۇشاللىنىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، دەرھال ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىدۇ.»[4]

«ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن پەقەت كاپىر قەۋملەرلا ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ.»[5]

«ئىنسانغا تۈرلۈك نېمەتلەرنى بەرسەك، يۈز ئۆرىدۇ، چوڭچىلىق قىلىپ رەببىدىن يىراقلىشىدۇ. ئۇنىڭغا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يەتسە، مەيۈسلىنىپ كېتىدۇ.»[6]

## مەيۈسلۈكنىڭ سەۋەبلىرى:

بىرىنچى سەۋەب: ئاللاھ تائالانى ئۆز لايىقىدا تونىماسلىق. ئاللاھ تائالانى ئۆز لايىقىدا ياخشى تونىماسلىق، ئۈمىدسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا ئىشەنسىمۇ، ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغ سۈپەتلىرى بىلەن لايىقىدا تونىمايدۇ. مەسىلىگە پەقەت ماددىي تەرەپتىنلا قارايدۇ. بۇ ھالەتتە ئۆزىنى قورشىۋالغان قىيىنچىلىق ۋە يامان ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەنلىكتىن مەيۈسلىنىپ، ئۈمىدسىزلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ.

ئىككىنچى سەۋەب: ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا چىن ئىشەنچ قىلماسلىق. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇئمىنلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقىغا بەرگەن ۋەدىلىرىگە گۇمان بىلەن قاراش، چىن ئىشەنچ قىلماسلىق، مەسىلىگە پەقەت ماددىي تەرەپتىنلا قاراپ، مەنىۋىي كۈچكە تايانماسلىق ئىنساننى مەيۈسلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

ئۈچىنچى سەۋەب: ھەددىدىن زىيادە قورقۇش. قورقۇش ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئۆزىنى ھەر تۈرلۈك خېيىم-خەتەرلەردىن قوغدىنىش ئۈچۈن بەرگەن تەبىئىي تۇيغۇ. ئەمما بۇ قورقۇش نورماللىقتىن ئۆتۈپ كەتسە، ئىنساننى مەيۈسلۈككە ئېلىپ بارىدۇ، نەتىجىدە ھېچ ئىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان پالەچ قىلىپ قويىدۇ. بۇ ئەھۋالغا گىرىپتار بولغان شەخس ۋە جەمئىيەتلەر يوقۇلۇشقا يۈز

① سۈرە زۇمەر: 53-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە ھىجر: 55-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ سۈرە ھىجر: 56-ئايەت.
④ سۈرە رۇم: 36-ئايەت.
⑤ سۈرە يۈسۈف: 87-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
⑥ سۈرە ئىسرا: 83-ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈتىدۇ.

تۆتىنچى سەۋەپ: بالا ـ مۇسىبەت ۋە قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلالماسلىق. ئىنساننىڭ بېشىغا چوڭ ـ كىچىك، ئېغىر ـ يېنىك ھەرتۈرلۈك قىيىنچىلىقلار، يوقۇتۇشلار، بالا ـ مۇسىبەتلەر، زۇلۇم ـ قىيناشلار كېلىدۇ. بۇ ئەھۋاللارغا بەرداشلىق بېرىپ سەۋر قىلالمىغان كىشى يا مەيۇسلىنىپ، ئۆزىنى تاشلىۋېتىش ياكى ئالدىراپ خاتا ئىش قىلىش بىلەن ئۆزىنى نابۇت قىلىدۇ.

بەشىنچى سەۋەپ: مال ـ دۇنيانى ھەددىدىن ئارتۇق سۆيۈش. دۇنيا ھاياتىنى ۋە مال ـ دۇنيانى ئارتۇق سۆيۈش ئىنساننى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى بۇنداق ئىنسان ھاياتىنىڭ ياكى مال ـ مۈلكىنىڭ خەتەرگە ئۇچراپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئاجىزلىقىنى بىلگەن دۈشمەن ئۇنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆزىگە يا ئاتا ـ ئانىسىغا، بالا ـ چاقىسىغا ياكى مال ـ مۈلكىگە زەرەر بېرىش بىلەن قورقىتىدۇ. كۆزى دۇنيالىقتىن باشقىنى كۆرمەيدىغان بۇ ئىنسان، ئۈمىدسىزلىنىپ، دۈشمەن نېمىنى تەلەپ قىلسا، شۇنى ئورۇنلايدۇ. بەلكى دۈشمەن دوپپىسىنى ئەكەل دېسە، بېشىنى ئەكىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەم ئۆزىنى ھەم خەلقىنى ۋەيران قىلىدۇ.

## ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرى:

ئۈمىدسىزلىك ۋە مەيۇسلۇكتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى يۇقىرىدا ئۈمىدسىزلىككە سەۋەپ بولغان ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇش. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىش كېرەك:

### 1 ـ ئاللاھ تائالانى بارلىق ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بىلەن ياخشى تونۇش

ئاللاھ تائالانى «بار ۋە بىر» دەپ ئىشىنىپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالانى قۇرئان ۋە ھەدىستە تونۇتقان بارلىق ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بىلەن ياخشى تونۇش ۋە بۇ ئىسىم ـ سۈپەتلەرنىڭ دۇنيادىكى ئىشلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى بىلىش ۋە بۇنىڭغا چىن ئىشىنىش، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا بۇ ئىماندا مۇستەھكەم تۇرۇش، تەۋرەنمەسلىك كېرەك. ئاللاھ تائالانى ھەققىي تونىغان ۋە ئۇنىڭغا چىن ئىشەنگەن كىشى ھەرگىز مەيۇسلۇككۇ ۋە ئۈمىدسىزلىككە، چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىمايدۇ. چۈنكى ھەققىي ئىمان شۇنداق مۇستەھكەم بىر كۈچكى، دۇنيادا ئۇنى يېڭەلەيدىغان كۈچ يوق. بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدە كەبىنىڭ تېمىغا يۆلىنىڭ ئولتۇراتتى، بەزى ساھابىلەر كېلىپ، كاپىرلارنىڭ زۇلۇم ۋە قىيناشلىرىنىڭ چىدىغۇسىز ھالەتكە

يەتكەنلىكنى بايان قىلىپ: ″ئاللاھ تائالادىن بىز ئۈچۈن ياردەم تىلەپ دۇئا قىلمامدىلا، بىزگە بىر دۇئا قىلسىلا بولمامدۇ؟″ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ بۇ دىننى چوقۇم ئۈستۈن قىلىدۇ، لېكىن سىلەر ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر. بۇرۇنقى ئۇممەتلەردە كاپىرلار بىر مۇئمىننى ئېلىپ كېلىپ، بېلىغىچە يەرگە كۆمۈپ، ھەرە بىلەن تۇغراپ ئىككى پارچە قىلىۋېتەتتى، مۇشۇنداق قىيناشمۇ ئۇنى ئىماندىن ياندۇرالمايتتى..»[1] دېگەن. ئىمان مۇشۇنداق كۈچلۈك نەرسە.

## 2 ـ ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە ھەقىقىي ئىشەنچ قىلىش ۋە شۇ ئىشەنچ بىلەن ھەرىكەت قىلىش

ئاللاھ تائالا ئاخىرقى غەلىبە مۇئمىن ـ مۇتتەقىلەرگە بولىدىغانلىقىغا، ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى دۈشمەنلىرىدىن قۇتقۇزىدىغانلىقىغا ۋە مۇئمىنلەرنى مۇداپىئە قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەن. بۇ ۋەدىلەرگە گۇمان بىلەن قارىغان ۋە ئىشەنچىسى كامىل بولمىغان كىشىگە ئاللاھ ياردەم بەرمەيدۇ. ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدسىدا: «بەندەم مېنى قانداق ئويلىسا شۇنداق بولىمەن»[2] دەيدۇ. يەنى بەندە ئاللاھ تائالا بىزگە چوقۇم ياردەم بېرىدۇ، بىزنى چوقۇم قۇتقۇزىدۇ، دەپ ئىشىنىپ، كامىل ئىشەنچ بىلەن ھەرىكەت قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتى بويىچە ئەلبەتتە ياردەم بېرىدۇ، ئىشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت ۋە غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ. بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە سۆزىمىزگە دەلىل بولۇشى ئۈچۈن مۇنۇ ئۈچ قىسسىنى بايان قىلىمىز:

بىرىنچى قىسسە: مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن قەۋمىنى ئېلىپ مىسىردىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پىرئەۋن پۈتكۈل لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن قەۋمى قېچىپ قىزىل دېڭىزنىڭ بويىغا بارغاندا، پىرئەۋن لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كېلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئالدىنى دېڭىز توسقان، ئارقىسىدىن دۈشمەن يېتىپ كەلگەن، قاچىدىغان ھېچقانداق ئامال يوق ھالەتتە: ″بىز چوقۇم تۇتۇلۇپ قالدۇق″ دېيىشىدۇ. مانا بۇ قىيىن ئەھۋالدا مۇسا ئەلەيھىسسالام چىن ئىمان كۈچى بىلەن: «ياق، ھەرگىز تۇتۇلمايمىز، رەببىم مەن بىلەن بىللە، ماڭا يول كۆرسىتىدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «ھاساڭ بىلەن دېڭىزغا ئۇرغىن» دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسى بىلەن دېڭىزغا ئۇرىدۇ ۋە دېڭىزنىڭ سۈيى بۆلۈنۈپ

① ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
② ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قۇرۇق يول ئېچىلدۇ، ئۇ يول بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە قەۋمى ئۆتۈپ كېتىدۇ، پىرئەۋن ئارقىسىدىن قوغلاپ دېڭىزغا كىرگەندىن كېيىن سۇ بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ پىرئەۋن ۋە قوشۇنى غەرق بولۇپ ھالاك بولىدۇ.[①] مانا ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە چىن ئىشەنچ قىلغانىنىڭ نەتىجىسى.

ئىككىنچى قىسسە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە مۇكەررەمەدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققاندا، مەككىنىڭ مۇشرىكلىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىر غارغا كىرىپ يوشۇرۇنغان ئىدى. لېكىن غارنىڭ ھەم كىرىش ئېغىزى ھەم ئۈستى تەرىپى ئوچۇق ئىدى. دۈشمەنلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىزلىرىنىڭ غارنىڭ يېقىنىدا يوقالغانلىقىنى سېزىپ ئۇلارنى مۇشۇ ئەتراپتا بىر يەرگە يوشۇرۇنۇپتۇ، دەپ ئەتراپىنى ئىزدەپ تىنتىۋەتتى. غارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئەتراپقا قاراۋاتقان دۈشمەنلەر شۇنداق پەسكە قاراپلا قالسا رەسۇلۇللاھنى ۋە ئەبۇبەكرىنى كۆرەتتى. بۇنى كۆرگەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قورققىنىدىن: ”ئەگەر بۇلار ئايىغىنىڭ ئاستىغا قاراپلا قالسا بىزنى كۆرۈپ قالىدۇ“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كامىل ئىشەنچ بىلەن: «قورقما! ئاللاھ بىز بىلەن بىللە»[②] دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنى كاپىرلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ساقلىدى. ئۈچ كۈن بويىچە تىنىمسىز ئىزدەپ رەسۇلۇللاھنى تاپالمىغان مۇشرىكلار، ئۇمىدىنى ئۈزۈپ ئىزدەشنى توختىتىپ قايتىپ كەتتى. مانا بۇ ئاللاھنىڭ: «ئاللاھ سېنى ئىنسانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ»[③] دېگەن ۋەدىسىگە چىن ئىشەنچ قىلغانلىقنىڭ نەتىجىسى.

ئۈچىنچى قىسسە: ھىجرىيەنىڭ ئىككىنچى يىلى رامىزان ئېيىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن ئەبۇ سۇفياننىڭ مۇشرىكلارنىڭ ماللىرىنى ئېلىپ شامدىن قايتىۋاتقان خەۋىرىنى ئېلىپ، ئۈچ يۈز كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن ئەبۇ سۇفياننىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن يولغا چىقتى. مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ قولىدا ئىككى ئات، يەتمىش تۆگە ۋە قىلىچتىن باشقا ئۇرۇش تەييارلىقى يوق ئىدى. چۈنكى مەقسەت بىر نەچچە كىشىلىك كارۋاننىڭ ئالدىنى توسۇش ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولغا چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئەبۇ

① سۈرە شۇئەرا: 52 ـ 66 ـ ئايەت.

② سۈرە تەۋبە: 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ سۈرە مائىدە: 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.



www.uyghurkitap.com

سۇفيان دەرھال مەككىگە خەۋەرچى ئەۋەتىپ ئەھۋالنى بايان قىلىپ ياردەم تەلەپ قىلدى. مەككىنىڭ كاتتىۋاشلىرى مۇھەممەد ۋە ھەمراھلىرىنى يوقىتىدىغان پۇرسەت كەلدى، ئۇلارنى مەدىنىنىڭ سىرتىدا تەلتۆكۈس يوقىتىۋېتىمىز، دەپ بىر مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەييارلاپ يولغا چىقتى. بۇلار ئىككى يۈز ئات، يەتتە يۈز تۆگە، ئەينى زامانىنىڭ ئەڭ ئىلغار ئۇرۇش قوراللىرى بىلەن تولۇق قوراللانغان ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك تەييارلىقلارنىڭ ھەممىنى قىلغان ئىدى.

ئەبۇ سۇفيان بىر تەرەپتىن مۇشرىكلاردىن ياردەم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن يولنى ئۆزگەرتىپ باشقا يوللار بىلەن مېڭىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا چۈشمەي مەككىگە سالامەت كېلىۋالدى. ئاندىن ئۇ ئۇرۇشقا چىققان قوشۇنغا خەۋەرچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ساق ـ سالامەت مەككىگە كەلگەنلىكىنى خەۋەر بەرگەن بولسىمۇ، ئەبۇ جەھىل باشلىق مۇشرىك كاتتىۋاشلىرى: مۇھەممەدنى ئۈجۈقتۇرۇۋەتمەي يولىمىزدىن قايتمايمىز، دەپ بەدىرگە قاراپ يولغا راۋان بولدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈتمىگەن بىر تەڭسىزلىك ئۇرۇشى ئالدىدا قالغان ئىدى. تۈزۈك تەييارلىقى بولمىغان ئۈچ يۈز كىشىلىك بىر قوشۇن بىلەن تولۇق قوراللانغان، سان ۋە كۈچ جەھەتتىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشقا كىرىش ماددىي جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش بولاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالانىڭ نۇسرەت بېرىدىغان ۋەدىسىگە چىن ئىشەنچ قىلغان رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرىنى سىنىماق ئۈچۈن، ئەھۋالنى ئۇلارغا بايان قىلىپ قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. پۈتۈن ساھابىلار: ”سەن ئوتقا كىرسەڭ ئوتقا كىرىمىز، سۇغا كىرسەڭ سۇغا كىرىمىز، بىز ساڭا يەھۇدىيلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا دېگىنىدەك: ‹سەن رەببىڭ بىلەن بېرىپ ئۇرۇشقىن، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرىمىز› دېمەيمىز، بىز ‹سەن رەببىڭ بىلەن بىرگە ئۇرۇشقىن، بىزمۇ سەن بىلەن بىللە ئۇرۇشىمىز› دەيمىز، دەپ قەتئىي ئىرادە بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش باشلاندى، ئاللاھ تائالا مىڭلارچە پەرىشتىنى چۈشۈرۈش ئارقىلىق پەيغەمبىرىگە ۋە مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلدى. كاپىرلار مەغلۇپ بولدى، مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: «ئاللاھ سىلەرگە بەدرىدە نۇسرەت ئاتا قىلدى، ھالبۇكى سىلەر كۈچسىز ئىدىڭلار (يەنى سانىڭلار ۋە قوراللىڭلار ئاز ئىدى)»[1] مانا بۇ ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىمان ۋە ھەقىقىي ئىشەنچىنىڭ نەتىجىسى[2].

① سۈرە ئال ئىمران: 123 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سەھىھ بۇخارى: «كىتاب مەغازى» غا قاراڭ.

يەنە خەندەك ئۇرۇشىدىمۇ مۇسۇلمانلار قانچە مىڭ دۈشمەننىڭ ئالدىدا تىز پۈكمەستىن، شۇنچە قورقۇنچلۇق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە مەيۈسلەنمەستىن «بۇ ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ بىزگە قىلغان ۋەدىسى»[①] دەپ، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىگە چىن ئىشەنچ بىلەن دۈشمەنگە بەرداشلىق بېرىۋىدى، ئاللاھنىڭ نۇسرىتى كەلدى. مەدىنىنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغان، مۇسۇلمانلاردىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك دۈشمەن قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كەتتى. مانا ئاللاھقا چىن ئىشەنچ قىلغانلىقنىڭ نەتىجىسى.

دېمەك، مۆئمىن ئاللاھنىڭ ياردەم بېرىش ۋەدىسىگە چىن ئىشەنچ قىلغان ھالدا، شارائىت يار بەرگەن ئىشنى قىلىشى ۋە بېشىغا كەلگەن قىيىن ئەھۋالغا قاراپ ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى، مەيۈسلەنمەسلىكى لازىم.

## 3 _ ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىش، گۇناھ _ مەسىيەتلەرگە تەۋبە قىلىش

بېشىمىزغا كەلگەن بالا _ مۇسىبەتلەر، قىيىنچىلىق ۋە زۇلۇملارنىڭ بىز بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان كۆپلىگەن سەۋەبلىرى بار. ئەنە شۇ سەۋەبلەردىن بىرى بىزلەردىن سادىر بولغان گۇناھ _ مەئسىيەتلەردۇر. دۇنياغا بېرىلىپ مەنئۇبىيتىمىزنى ئۇنۇتۇش، پۇل ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلار بىلەن دوست بولۇش، «جان بېقىش ۋاجىب» دەپ مۆئمىن قېرىنداشلىرىنى يۇقىرىغا چېقىش، ئاللاھتىن قورقماسلىق، ئۆزئارا بىر _ بىرىمىزگە زۇلۇم قىلىشقا ئوخشاش نۇرغۇن گۇناھلىرىمىز بار. مۇشۇ ۋە باشقىمۇ گۇناھلىرىمىزغا سەممىي تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە قايتساق، ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە لايىق بولساق، ئاللاھ تائالا دۇئالىرىمىزنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە بىزگە بەرگەن ۋەدىسىنى روياپقا چىقىرىدۇ. ئاللاھ تائالا: «كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ..»[②]، «ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر زىيان _ زەخمەت يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلسا، يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ئۇنى دەپئى قىلغۇچى بولمايدۇ. ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھنىڭ پەزلىنى قايتۇرغۇچى بولمايدۇ. ئاللاھ پەزلىنى بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ. ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مېھرىباندۇر.»[③]

## 4 _ سەۋر قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىگە رازى بولۇش

ئالتە ئىماننىڭ بىرى ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ، دەپ ئىشىنىشتۇر. بۇ دۇنيادا

① سۈرە ئەھزاب: 22 _ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە تالاق 2 _ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ سۈرە يۇنۇس: 19 _ ئايەت.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بولۇۋاتقان ياخشى ـ يامان ئىشلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىزنىسىز بولمايدۇ. بولۇۋاتقان زۇلۇملارمۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ئارقىسىدا بىز بىلمەيدىغان نۇرغۇن ھېكمەتلەر بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن بېشىمىزغا كەلگەن بالا ـ مۇسىيبەت ۋە زۇلۇملارغا سەۋر قىلىش، ئاندىن ئۇنىڭغا قارشى پىلانلىق ۋە شارائىتقا ئۇيغۇن ھەرىكەت قىلىش لازىم. سەۋر قىلىش دېگەن زۇلۇمنى قوبۇل قىلىپ جىم تۇرۇش دېگەن بولمايدۇ. بەلكى باشقا كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداش، بەرداشلىق بېرىش، ئۈمىدسىزلەنمەسلىك، ئالدىراقسانلىق قىلىپ خاتا ئىش قىلماسلىق، كۆزنىڭ چاپىقىنى ئالىمەن دەپ، كۆزنى قارىغۇ قىلماسلىق دېگەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «زۇلۇمغا ئۇچرىغىنىدىن كېيىن ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغانلارنى دۇنيادا چوقۇم ياخشى جايغا ئورۇنلاشتۇرىمىز. ئۇلار بىلىدىغان بولسا، ئۇلارغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابى تېخىمۇ چوڭدۇر. ئۇلار ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلدى، ئۇلار رەببىگە تەۋەككۇل قىلىدۇ.»①

## 5 ـ بىر نىشان بېكىتىپ، شۇنىڭغا يېتىشكە تىرىشىش:

زۇلۇم ۋە قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر نىشان بېكىتىپ، شۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن توختاۋسىز تىرىشىپ ئىشلەش لازىم. بۇنىڭ شەرتى، نىشاننىڭ شارائىتقا ئۇيغۇن، پايدىلىق ۋە مۇمكىن بولىدىغان بولۇشى كېرەك. ھەر قانداق ئەھۋالدا بۇ نىشانغا يېتىش يولىدىن ۋازكەچمەسلىك لازىم.

## 6 ـ ئالىي ھىممەتلىك بولۇش:

ئالىي ھىممەتلىك، ئىرادىسى كۈچلۈك ۋە ئۈمىدۋار كىشى قىيىنچىلىقلار ئالدىدا يېڭىلمەيدۇ؛ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت ۋە زۇلۇم ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەيۇسلەنمەيدۇ ۋە بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىنى يوقاتمايدۇ. ھىممەتسىز، ئىرادىسى ئاجىز كىشىلەر قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي مەيۇسلىنىپ كېتىدۇ.

## 7 ـ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش

ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىش، ئاللاھ تائالانىڭ چوقۇم نىجاتلىق بېرىدىغانلىقىغا، ئاللاھ تائالانىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىگە، ئاللاھ تائالا خالىسا، «بول» دېگەن بىر سۆز بىلەن ئەھۋالىمىزنى ياخشىلىققا ئايلاندۇرالايدىغانلىقىغا چىن ئىشەنگەن ھالدا، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ ھەرىكەت قىلىش لازىم. ھەرقانداق مۇسۇلمان بۇنىڭغا ئىشىنىمەن دەيدۇ، ئەمەلىيىتىدىمۇ شۇ ئىمانىغا ئىشەنچ قىلىپ ھەرىكەت قىلسا، ئاللاھ تائالا

① سۈرە نەھل: 41 ـ 42 ـ ئايەتلەر.

چوقۇم ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا: «كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ..»[1]، «بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللاھ تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ.»[2]

## 8 - تەۋبە - ئىستىغفارنى كۆپ ئېيتىش

ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولۇش، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تەۋبە - ئىستىغفارنى كۆپ ئېيتىش، ئىبادەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ۋە تەلەپكە لايىق قىلىش، نەفلە ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش لازىم. ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق دەيدۇ: «كىم مېنىڭ يېقىن بەندەمگە دۈشمەنلىك قىلسا، ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئېلان قىلىمەن. بەندەم ماڭا مەن ئۇنىڭغا پەرز قىلغان ۋە ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان نەرسە بىلەن يېقىن بولالايدۇ. بەندەم ماڭا نەفلە ئىبادەتلەر بىلەن يېقىنلىششقا داۋام قىلسا، مەن ئۇنى سۆيىمەن. ئەگەر مەن ئۇنى سۆيسەم، ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى ۋە ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن. ئەگەر مەندىن بىر نەرسە تىلىسە ئۇنى بېرىمەن، مەندىن پاناھلىق تىلىسە ئۇنى پاناھىمغا ئالىمەن.»[3]

## 9 - زۇلۇم ۋە قىيىنچىلىقلارنىلا ئويلىماستىن، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرى ۋە چارە - تەدبىرلىرىنى ئويلاش

بېشىغا كەلگەن ھەر تۈلۈك قىيىنچىلىق ۋە زۇلۇملارنىلا ئويلاش، زېھنىنى ئاشۇنىڭ بىلەنلا مەشغۇل قىلىش، ئىنساننى چۈشكۈنلۈككە ۋە مەيۈسلۈككە ئېلىپ بارىدۇ. ئويلىغانسېرى روھىي چۈشكۈنلۈك تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ، شەيتان تېخىمۇ پۇدەپ، كۆپتۈرۈپ، تېخىمۇ قورقىتىپ ئەمدى مەن تۈگەشتىم دېگەن تۇيغۇغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا بېشىغا كەلگەن خاپىلىق، قىيىنچىلىق ۋە زۇلۇملاردىن قۇتۇلۇشنى ئويلىسا، ئۇنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى ئىزدىسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ھەرخىل ئۇسۇل بىلەن چىقىش يولى بېرىدۇ. بۇ بەزىدە باشقىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بولىدۇ؛ بەزىدە دۈشمەننىڭ ئاجىزلىششى ئارقىلىق بولىدۇ؛ بەزىدە ئويلىمىغان بىر ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن بولىدۇ؛ ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن قۇتۇلۇش مۇمكىن بولىدۇ.

## 10 - ئۆزىگە ئوخشاش ئەھۋاللارغا يولۇقۇپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلغانلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىش

---

[1] سۈرە تالاق: 3 - ئايەت.
[2] سۈرە ئال ئىمران: 159 - ئايەت.
[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

دۇنيادا زۇلۇمغا ئۇچرىغان بىزلا ئەمەس، قىيىن ئەھۋال بىزنىڭلا بېشىمىزغا كەلمىگەن. بىزگە ئوخشاش ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە زۇلۇملارغا ئۇچرىغان، كېيىن ئۇ زۇلۇملاردىن قۇتۇلغان باشقا خەلقلەرمۇ بار. ئاشۇنداق كىشىلەرنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىش، مۇمكىن بولسا، ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىش ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولىدۇ. ھەرقانداق ئىشتا باشقىلارنىڭ تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىش يولنى قىسقارتىدۇ، نەتىجىگە تېز ئۇلاشتۇرىدۇ. ئاشۇنداق زۇلۇملارغا ئۇچرىغان ۋە كېيىن ئۇنىڭدىن قۇتۇلغانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئوقۇش ئىنسانغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ، ئىلھام بېرىدۇ ۋە روھىي چۈشكۈنلۈكتىن ساقلايدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە قەۋملەرنىڭ قىسسىلىرى كۆپ ئەسلىتىلىدۇ.

## 11 ـ ئىجابىي كىشىلەرگە ئارىلىشىپ، سەلبىي كىشىلەردىن ئۇزاق تۇرۇش:

بەزى كىشىلەر بار، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئىجابىي ئويلايدىغان، يۈز بەرگەن ۋەقە ۋە ھادىسىلەرگە ئىجابىي تەرەپتىن قاراپ، ئۇنىڭدىن دەرس ئېلىشقا، توغرا يولدا مېڭىش ئۈچۈن ۋەسىلە قىلىشقا تىرىشىدىغان. مۇشۇنداق كىشىلەر بىلەن ئارىلاشسا، ئىنساننىڭ روھىي كۆتۈرەڭگۈ تۇرىدۇ، چۈشكۈنلەشمەيدۇ، مەيۇسلەنمەيدۇ. يەنە بىرخىل كىشىلەر بار، ئاسماندا كىچىككىنە بۇلۇتنى كۆرسە بوران كەلدى دەيدىغان، قولىنى پىچاق كەسسە، مەن ئەمدى ئۆلدۇم، دەيدىغان، ھەممە ئىشقا سەلبىي تەرەپتىن قارايدىغان. بۇنداق كىشىلەردىن يىراق تۇرۇش كېرەك. چۈنكى بۇنداق كىشىلەر ئىنساننى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. دېمەكچى بولغىنىم: ھازىرقى ئېغىر ۋەزىيەتتە ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويماي، ئۈمىدسىز بولماي، قولىمىزدىن كېلىدىغان، قىلىشقا تېگىشلىك پايدىلىق ئىشنى قىلىۋېرىشىمىز كېرەك. ۋاي ئۇ بولدى، ۋاي بۇ بولدى، تۈركىيە خىتاي بىلەن ئاپپاق ـ چاپاق بولۇپ كەتتى، ئەردوغان خىتاينىڭ دوللىرىغا سېتىلدى، ئەمدى ئۇيغۇرلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىۋېتىشى مۇمكىن، دېگەندەك شۇم گەپلەرنى تارقىتىدىغانلار بىر تەرەپتىن بىچارە خەلقىمىزنى ئەندىشە ۋە ساراسىمىگە سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىگە پاناھ بولۇۋاتقان تۈركىيەنى يامان كۆرسىتىپ، ئۈمىدسىزلىككە، مەيۇسلۇككە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىماسلىق، ئۇلارغا ئارىلاشماسلىق لازىم. قەلبلەر ئاللاھنىڭ قولىدا، ئۇنى كىم تەرەپكە چۆرۈشنى خالىسا شۇ تەرەپكە چۆرۈيدۇ. بىز ئاللاھقا ئىلتىجا قىلساق، ئۆزىمىزنى

خەتەرلىك ئىشلاردىن ساقلىساق، ئاللاھ تائالا بىزنى ئۆزى بىر شەكىلدە قوغدايدۇ. كىشىلەرنىڭ قەلبىنى بىز تەرەپكە چۆرۈيدۇ-دە، بىزگە ياردەم قىلىدىغان بولىدۇ. بۇ ئاللاھقا ئاسان. مەسىلە بىزنىڭ بۇنىڭغا لايىق بولۇشىمىزدا.

### 12 - ئىلىم ئېگىلەش، ھەر ساھەدە ئۆزىنى يېتىشتۈرۈش ۋە پايدىلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش

بىز كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قارايدىغان، كەلگۈسىدە ئۆز ھوقۇقىمىزنى قولىمىزغا ئېلىپ، باشقا ھۆر ئىنسانلاردەك ئەركىن ياشايدىغان بولۇشنى خالىساق، ھازىر قىلىدىغان ئىشىمىز ئىلىم-پەندە ياخشى يېتىشىش، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ھەربىي، تەشۋىقات، پەن-تېخنىكا ۋە باشقا ساھەلەردە ياراملىق، يۇقىرى سەۋىيەدە ئىش بىجىرەلەيدىغان، مەسئۇلىيەتچان، ئاڭلىق، ئۆز ساھەسىدە تونۇلغان كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم. بولمىسا لاياقەتسىز ئىنسانلارغا ئاللاھ تائالامۇ ھوقۇقنى تۇتقۇزۇپ قويمايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق ئىشنى شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولغان، سالاھىيەتلىك كىشىگە تاپشۇرۇش ئىسلامنىڭ پىرىنسىپلىرىدىن بىرى. شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىش ئۆز ئەھلىگە تاپشۇرۇلمىغان چاغدا قىيامەتنى كۈتسەڭ بولىدۇ»① دېگەن.

ئۈمىدۋار بولايلى! ئۈمىدسىزلەنمەيلى! مەيۈسلەنمەيلى! ئۆزىمىزنى تۇتۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە ياردىمىگە لايىق كىشىلەر بولۇشقا تىرىشايلى. چۈنكى بىزنىڭ ئىگىمىز ئاللاھ. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى چەكسىز؛ ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئۆز ئانىلىرىدىنمۇ بەك مېھرىبان. ئاللاھ ئىمان ئېتىقادلارنىڭ مەدەتكارى، كاپىرلارنىڭ مەدەتكارى يوق. شۇڭا چۈشكۈنلەشمەي، روھلۇق بولۇپ، سۇسلۇق، بوشاڭلىق قىلمىساق، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن قىلىپ مېڭىۋەرسەك، ئاللاھ تائالا چوقۇم بىر كۈنى بىزنى قۇتۇلدۇرىدۇ، بىزگىمۇ باشقىلارغا بەرگەندەك ئەركىنلىك-مۇستەقىللىق بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاندىن پەيغەمبەرلىرىمىزنى ۋە مۇئمىنلەرنى قۇتقۇزدۇق، مانا مۇشۇنداق مۇئمىنلەرنى قۇتقۇزۇش ئۈستىمىزگە تېگىشلىك بولدى.»② ئەمما ئەبگالىق قىلىپ، لاياقەتلىك ۋە سالاھىيەتلىك كىشىلەر بولمىساق، قىلغان ئىشلىرىمىزدا سەمىمىيلىك ۋە ئىخلاس بولمىسا، بىر-بىرىمىزنى يىقىتىشنىڭ كويىدا بولساق، ئۇ چاغدا قىيامەتنى كۈتسەك بولىدۇ.

① ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
② سۈرە يۇنۇس: 103-ئايەت.



# باللار جىسمانىي يېتىلىشتە نېمىلەرگە مۇھتاج؟

خۇمار ھەسەن

جىسمانىي يېتىلىش دېگىنىمىز بالىنىڭ ئانىسىنىڭ قارنىدىكى چېغىدىن باشلاپ بەدەندىكى بار بولغان بارلىق ئەزالارنىڭ يېتىلىش تەرەققىياتىدۇر. سۆڭەك موسكۇللارنىڭ تەرەققىي قىلىشى، بويىنىڭ ئۆسۈشى، كىلوسىنىڭ ئېغىرلىشىشى، چىشىنىڭ چىقىپ چۈشىشى، مېڭە ۋە نېرۋا سىستېمىلىرىنىڭ يېتىلىشى، ۋە بارلىق سەزگۈر ئەزالارنىڭ يېتىلىش تەرەققىياتىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.

جىسمانىي تەرەققىياتلار ئىنساندا ياشىغان مۇددەتكىچە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. پەقەت بالىلىق مەزگىلىدە بۇ تەرەققىياتلارنىڭ ئەھمىيىتى باشقا ياشتىكىلەرگە قارىغاندا زور پەرق بىلەن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۆزگۈرۈشلەر تېخمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

بالىنىڭ بوۋاق ۋاقتىدىكى بارلىق ئىقتىدارى ئىشلىتىلمىسە ھەم جارى قىلدۇرۇلمىسا، ئۇ مەڭگۈ تەرەققىي قىلمايدۇ. چۈنكى ئاڭلاش، كۆرۈش، پۇراش سەزگۈسى، تەم سەزگۈسى، ھەم تىتىش سەزگۈسى ئىنسانلارنىڭ تاشقى دۇنيانى ھېس قىلىشىدىكى مۇھىم فىزىئولوگىيىلىك ئاساسىدۇر. بالىنىڭ سەزگۇ ئەزالىرىنى تولۇق غىدىقلاپ بەرگەندە چوڭ مېڭە ۋە ھەرقايسى بۆلەكلىرىنىڭ ئاكتىپ پائالىيىتىنى قوزغىغىلى بولىدۇ. ئەگەر بالىنىڭ چوڭ مېڭىسىدىكى ھەر قايسى فۇنكسىيىلىك رايونلارنى ئەڭ ئۈنۈملۈك دەرىجىدە جارى قىلدۇرغىلى بولسا بالىنىڭ زېھنى كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

بەش ئەزا ئىچىدە ئالدى بىلەن قۇلاقنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. چۈنكى بوۋاقلارنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى كۆرۈش ئىقتىداردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

بالدۇرراق تەرەققى قىلىدۇ. بالا ئانىسىنىڭ قارنىدىكى 8 ـ ھەپتىدىن باشلاپ قۇلاق يېتىلىشى باشلىنىدۇ ۋە 24 ـ ھەپتىدە تامامەن يېتىلىپ بولىدۇ. 25 ـ ھەپتىدىن ئېتىبارەن بالا ئاۋازلارنى ئاڭلاشقا باشلايدۇ. ئانىسىنىڭ ئاۋازىنى تولۇق ئاڭلاپ پەرق ئېتىشكە باشلايدۇ. 27 ـ ھەپتىدىن باشلاپ ھەتتاكى سىرتتىن كەلگەن ئاۋازلارنى ئاڭلاپ ئىنكاس قايتۇرغۇدەك دەرىجىدە بولىدۇ. (بۇ يەردىكى ئىنكاس: بالىلارنىڭ ئاۋازدىن كېيىن ھەركەت قىلغانلىقىنى كۆرستىدۇ.) شۇنىڭ ئۈچۈن ئانىلار ھامىلىلىك دەۋرلىرىدە بالىسىغا ئەھمىيەتلىك ئاۋازلارنى ئاڭلىتىشقا تىرىشىشى كېرەك. غەرب ئەللىرى بالىلىرىنىڭ تەسەۋۋۇر دائىرىسىنىڭ كەڭ بولۇشى، ئىجادقا باي بولۇشى ۋە ئۆيۈملۇق بالا بولۇشى ئۈچۈن قورساقتىكى بالىغا سىستېمىلىق مۇزىكا ئاڭلىتىش ۋە كىتاب ئوقۇپ بېرىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىدۇ. ساھابىلەرنىڭ قوللانغان ئۇسۇلى بولسا بالىغا كۆپ قۇرئان ئاڭلىتىش. چۈنكى قۇرئان ئىنسانلار ئۈچۈن رەھمەت ۋە شىپادۇر. بالىمىزدا بار بولىشىنى ئارزۇ قىلغان بارلىق ئىقتىدارنى قۇرئاندىن ئىزدىيەلەيمىز. چۈنكى ھازىرقى بىز كىچىككىپ ھېس قىلىپ يەتكەن، ئۆگەنگەن بارلىق بىلىملەرنىڭ ئاساسى مەنبەسى قۇرئان كەرىمدەدۇر. قەدىمدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بولغان ئىنسانلارنىڭ ھەر ساھەدە پايدىسىغا قوللىنىلغان بارلىق ئۇسۇللارنىڭ ئۈچۈرلىرىمۇ قۇرئان كەرىمدىن بولغان. ئۇلار ناخشا مۇزىكىنى بالىلىرى ئۈچۈن ئىلاج قىلىپ تاللىغان بولسا، بىز مۇسۇلمانلار ئەلۋەتتە قۇرئاننى تاللايمىز.

ئانا قارنىدىكى ياشام مۇددىتىدە ئەڭ كېيىن تەرەققى قىلىدىغان ئەزا بولسا كۆزدۇر. بالىنىڭ كۆزلىرى 26 ـ ھەپتىگىچە يېپىق ھالەتتە بولىدۇ. 26 ـ ھەپتىدىن باشلاپ بالا كۆزلىرىنى ئاستا ئاستا ئېچىشقا باشلايدۇ. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنلا 30 سانتىمېتىر ئۇزاقلىقتىكى نەرسىلەرنى تامامەن كۆرەلەيدۇ. بالىنىڭ كۆرۈش سەزگۈسى يېتىلگەندىن كېيىن كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇش كېرەك. تۈرلۈك رەڭلەر ئارقىلىق بالىنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇش بالىلارغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇللاردىن بىرى بولۇپ يەنە بالىلاردا رەڭلەرنى پەرق ئېتىش ۋە تونۇش ئىقتىدارى يېتىلدۇرگىلى بولىدۇ. 6 ياشتىن كىچىك بالىلارغا قورقۇنچلۇق ۋە قوپال مەزمۇنىدىكى ھەر قانداق رەسىم، كارتون ۋە كىنو ـ فىلىملەرنى كۆرسەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى بۇ ياشتىكى بالىلار تىخى پىسخىكا جەھەتتە ئىنتايىن نازۇك بىر باسقۇچتا بولغانلىقى ئۈچۈن كۆزى كۆرگەن ھەرقانداق نەرسە بالىنىڭ تەبىئىتىگە ناھايىتى تېزلا تەسىر كۆرستىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا بالىنىڭ قولىنىڭ كۆپ خىل ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشمۇ ئۇنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۇرۇشتە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى قولنىڭ كۆپ ھەركەت قىلىشى بىۋاستە مڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ غىدىقلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. دەسلەپكى

تەربىيە ئارقىلىق بالىنىڭ مېڭىسىدىكى سۆزلۈك ئامبىرىنى ئۈزلۈكسىز غىدىقلاپ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ تېز تەرەققى قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بالىلارنىڭ ساغلام ئوزۇقلىنىشى ۋە توغرا تۇرمۇش ئادەت يېتىلدۈرۈشى ئۇلارنىڭ ياخشى ئۆسۈپ چوڭ بولۇشىغا يېقىندىن مۇناسىۋەتلىك.

مىجەز خاراكتېر ئۆزگىرىدۇ، بەلكى توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. تۇرمۇش مۇھىتى ئۆزگەرگەن ھامان ئادەمنىڭ مىجەز خاراكتېرىمۇ ئۆزگىرىشى مۇمكىن. مىجەز خاراكتېردىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش كۆپىنچە ھاللاردا بالىلارنىڭ ئۆزگەرگەن مۇھىتقا ماسلىشالمىغانلىقىدىن يۈز بېرىدۇ. نۇرغۇن ئاتا ئانىلار بالىلارنىڭ ناچار مىجەز-خاراكتېر يېتىلدۈرۈۋالغانلىقىنى ئەيىبلەيدۇ، ھەمدە ئۇنى ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بىراق ئىزچىل ھالدا تەكرار يېتەكلەنمىسە، ئۇلارنىڭ ناچار مىجەز-خاراكتېرى ئاسان ئۆزگەرمەيدۇ. مىجەز-خاراكتېرنىڭ ئاساسى، دەسلەپكى مەزگىلدىكى تۇرمۇشتا تۇرغۇزۇلىدۇ. دەسلەپكى بىر قانچە يىللىق تۇرمۇش ئادىتى، ئاتا ئانىسىنىڭ پوزىتسىيىسى، ئائىلە كەيپىياتى بالىنىڭ مىجەز-خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئاستا ئاستا ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئادەت دەسلەپ شەكىللەنگەندە ئىنتايىن مۇھىم.

باللار توغرا تۇرمۇش ئادىتى يېتىلدۈرۈشتە ئاتا ئانىلار ۋە بالىلارنىڭ يېتەكچىلىرى ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

چۈنكى بالىلار ھاياتى دۇنياغا ئۆزلىشىشكە باشلىغاندا ئەتراپىدىكى يېقىنلىرىنىڭ ھايات مۇساپىسى بويىچە يول ئالىدۇ. ئاتا-ئانا كىشىلىك ھاياتىدا تۇرمۇش رىتىمى بىلەن بالىسىغا ياخشى ئۆرنەك بولالماستىن، بالىلىرىدىكى كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئادەتلەرنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى ئىزدىمەسلىكى كېرەك. بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە توغرا تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىدىكى مۇھىم ئامىللاردىن بىرى بولسا بالدۇر ئۇخلاپ سەھەر تۇرۇش. ئۇيقۇ، يالغۇز ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس. ئۇيقۇ، مېڭە بىلەن بىرلىكتە ئادەم بەدىنىدىكى بارلىق ئورگانىزملارنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن ئالدىنقى شەرتتۇر. ئۇيقۇ ئەسناسىدا بېسىم-كۈچى ھورمۇنلىرى ئازىيىپ ئۆستۈرگۈچى ھورمۇنلارنىڭ تەۋرىنىشى كۆپىيىدۇ. تەرتىپلىك ئۇيقۇ بالىلارغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بالىلارنىڭ ۋۇجۇدى ئۇخلاش جەريانىدا چوڭ بولىدۇ. بالا قانچىلىك كىچىك بولسا ئۇيقۇغا بولغان ئېھتىياجىمۇ شۇنچىلىك كۆپ بولىدۇ ۋە چوڭ بولىشىمۇ شۇنچىلىك تېز بولىدۇ. ئۇيقۇ سۈپىتى ياخشى بولغان بالىلارنىڭ ئۆگىنىش سۈپىتى ياخشى بولۇپ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانا بولغۇچى بالىسىنىڭ ئۇيقۇ سائىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك. ئۆزلىرى ئۈلگە بولغان ئاساستا بالىسىنى كىچىكىدىن بالدۇر ئۇخلاش ۋە سەھەر قوپۇشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئادەتلەندۇرۇشى كېرەك. دىنىمىز كىتابلىرىدا بالدۇر يېتىپ سەھەر تۇرۇشنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇتقان يولى ئىكەنلىكى، سەھەرنىڭ بەرىكىتىنى قولدىن بەرگەنلىكنىڭ ئۆزى ئۇ كىشىگە نىسبەتەن ئىنتايىن چوڭ يوقىتىشنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن.

**بۇ سۆزلەر مەنبە قىلىنغان بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆرسەتمىلىرىدىن بالدۇر ئۇخلاپ سەھەر تۇرۇشنىڭ پايدىلىرى:

1. ئىنسان تېنىغا ئېنېرگىيە قاتىدۇ.

بالدۇر يېتىشنىڭ ئەڭ روشەن پايدىلىرىدىن بىرى بولسا كۈن ئىچىدە ئىنسانغا ئېنېرگىيە قاتىدۇ، قان ئايلىنىشىنى ياخشىلايدۇ، روھلۇق قىلىدۇ.

2. ۋاقىت كونتروللىقىڭىزنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

قانچىلىك بالدۇر ئۇخلىسىڭىز ئەتىگىنى شۇنچىلىك بالدۇر تۇرالايسىز. بۇنداق بولغاندا شۇ كۈنىڭىزدىن تېخىمۇ كۆپ پايدىلىنالايسىز ۋە ۋاقتىڭىزنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنلاشتۇرالايسىز.

3.كەيپىياتىڭىزنى ياخشىلايدۇ.

بالدۇر ئۇخلىغان كىشىلەردە رەئىس ئەزالارنىڭ كېچىدىكى قان تازىلاش ۋە يېڭىلاش ئىقتىدارى ئىنتايىن ياخشى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن بىركۈنلۈك ھارغىنلىقىڭىزنى تامامەن تۈگىتىپ سەھەرلىرى يەڭگىللىك ۋە روھلۇق ئىچىدە تۇرۇشىڭىزغا ياردىمى بولىدۇ. ئۆزىڭىزدىكى بۇ جۇشقۇنلۇق، كۈنىڭىزنى خۇشال كەيپىيات بىلەن باشلىشىڭىزغا تۈرتكە كۆرسىتىدۇ.

4. قېرىشنى كېچىكتۈرىدۇ.

كېچە ئۇيقۇسىنى يېتەرلىك ئۇخلىمىغانلاردا كۆز ئاستىدا قارىداش، يۈز تېرىسى نۇرسىز بولۇش ۋە سىزىقلار پەيدا بولۇشتەك ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇلار كېچىدە تېرە ھۈجەيرىلىرىنىڭ يېتەرلىك نەپەس ئالالمىغانلىقىدىن بولىدۇ.

5. ئەستە تۇتۇش قابىلىيتىنى ياخشىلايدۇ

ئۇيقۇنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ تۆۋەنلىشى چوڭلارغا قارىغاندا بالىلاردا ئىنتايىن روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بالىلارنىڭ مېڭە ھۈجەيرىلىرى كۆپ تاماق يېگەنلىكتىن ئەمەس بەلكى، يېتەرلىك ئۇخلاشتىن تەرەققى قىلىدىغان بولۇپ، بولۇپمۇ بالدۇر ئۇخلاش بالىلاردا مېڭە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئاساسەن بارلىق بالىلاردا ئۇخلاش ۋاقتى كېچە سائەت ئوندىن بۇرۇن بولۇشى ۋە توققۇز- ئون ئارىسىدا تامامەن ئۇيقۇ قىسمىغا كىرگەن بولۇشى بالىلاردا مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ يېتىلىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. ئۇخلاشتىن بۇرۇن بالىلارنىڭ قورسىقىنىڭ زىيادە

توق بولۇشى ئۇلارنىڭ مۇكەممەل ئۇيقۇ قىسمىغا كىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىنىڭ تاماق ۋاقتى ئۇخلاشتىن بىر سائەت بۇرۇن بولۇشى كېرەك.①

بالىلارنىڭ جىسمانى يېتىلىش تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم ئامىللاردىن يەنە بىرى بولسا ساغلام ۋە توغرا ئوزۇقلىنىش.

بالىلاردا ئوزۇقلىنىش، جىسمانى تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىشتىن باشقا يەنە ئۇلارنىڭ زېھنى يېتىلىشىگىمۇ يېقىندىن تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا كىچىكىدىن توغرا بولغان ئوزۇقلىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. ئۇلارنىڭ خالىغانچە قالايمىقان تاتلىق-تۈرۈم، شاكىلات، ئۇششاق پىچىنە-پىرەنىك يېيىشىگە ۋە قارارسىز نەرسە يېيىشىگە رۇخسەت قىلماسلىقى كېرەك. ئاغزى بىكار تۇرمايدىغان بالىلاردا ئاشقازان لۆمۈلدىشى تىزلىشىپ، ئاشقازان بالدۇر تەرەققى قىلىپ كېتىدۇ. بۇ مېڭىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

گېرمانىيىدە ئادەمنىڭ مېجەز خاراكتېرىنى يېمەكلىك بەلگىلەيدۇ دەيدىغان ماقال بار. قارىغاندا يېمەكلىك بىلەن ئادەمنىڭ مېجەز خاراكتېرىنىڭ ھەقىقەتەن بىر باغلىنىشى بولسا كېرەك. ئۇلار يەنە بالا ئىككى ياشقا كىرگۈچە گۆش يېگۈزۈشنى ئىنتايىن خەتەرلىك دەپ قارايدۇ. ئىلگىرى بەزىلەر (كۆكتات ئارقىلىق ئادەم داۋالاش ئۇسۇلى)نى تەشەببۇس قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئوخشىمىغان يېمەكلىكلەرنى تاللاپ يېگەندە، بالىلاردا ئوخشاشمىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ، دېيىشكەن. ئۇلار يەنە بالىغا سەۋزىنى كۆپ يېگۈزسە ئۇنىڭ چىشى ۋە تېرىلىرى ياخشى بولىدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىگىمۇ پايدىلىق، بەرەڭگىنى كۆپ يەپ بەرسە بالىنىڭ ھۆكۇم قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ، يېسى پۇرچاق يەپ بەرسە، بالىنىڭ گۈزەل سەنئەت قىزىقىشىنى قوزغىغىلى بولىدۇ، بالا ئاق يېسۋىلەك ۋە گۈل سەيىنى كۆپ يېگەندە پىكىر قىلىشى ئاددى بولۇپ ئادەتتىكى ئادەملەردىن بولىدۇ، كۆك پۇرچاقنى كۆپ يېگەندە ئالدىراڭغۇ مېجەز شەكىللىنىپ قالىدۇ، شۇڭا ماتېماتىكا ئىقتىدارى تۆۋەن بالىغا بەرەڭگىنى كۆپ يېگۈزۈپ بېرىش كېرەك دەپ قارايدۇ. بۇ دېگەنلىك بەرەڭگىنى كۆپ ئىستېمال قىلغان بالىلارنىڭ ھەممىسى ماتېماتىكىدا تالانتلىق بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى بۇ كۆكتاتلارنىڭ تەركىبىدىكى ۋىتامىن ۋە مىنېرال ماددىلار ئىنساننىڭ تېنىدىكى بەزى ھۈجەيرىلەرنىڭ ساغلام يېتىلىشىگە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ خالاس!

يەنى، ئەڭ سەزگۈر تۇيغۇ بىلەن بالىنىڭ تۈرلۈك ئېھتىياجلىرىنى نەتىجىلىك ھالدا بىلىش ۋە ھېس قىلىشنىڭ ئۆزى ئاتا ئانىنىڭ تەلىم تەربىيەنى نەتىجىلىك باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

---

① istanbella):** توردىن تەرجىمە قىلىنىپ ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com




مىللەت ــ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخى تەرەققىيات باسقۇچىدا شەكىللەنگەن ئورتاق تىل، ئورتاق زېمىن، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە ئورتاق مەدەنىيەتتە ئىپادىلىنىدىغان ئورتاق پسىخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە كىشىلەر توپىنى كۆرسىتىدۇ.① بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار مەركىزى ئاسىيانىڭ بەلبېغى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەلبى تۈركىستان تۇپراقلىرىدا، يەنى بۈگۈنكى «شەرقى تۈركىستان» زېمىنىدا ياشاپ كەلگەن، شانلىق مەدەنىيەتلەرنى بەرپا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللى ئەنئەنىسى، ئېتىقاد قارىشى، تىل ۋە ئۆرپ ــ ئادەت مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، دۇنيا مەدەنىيىتىگە شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان، مەزكۇر مىللەت كاتېگورىيىسىگە ئۇيغۇن ياشاپ كەلگەن، بىر نەچچە مىڭ يىللىق يازما تارىخقا ئىگە قەدىمى ئۇلۇغ مىللەت.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشى، شۇ مىللەتنى شەكىللەندۈرگەن شەخسلەرنىڭ روھىيىتىدىكى مىللى ئاڭ، مىللى ئەنئەنە ۋە مىللى خۇسۇسىيىتى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. مىللى ئاڭ ــ شەخسلەرنىڭ روھىدا ئىدىيە بىرلىكى، مىللەت سۆيگۈسى، ۋەتەن مۇھەببىتى ۋە تارىخى قىممەت قاراش تۇيغۇسى يېتىلىپ، چوڭقۇرلاشقاندا ھاسىل بولىدۇ. بولۇپمۇ، ياش ئەۋلادلارنىڭ مىللىي

---

①. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى.

روھى، تەپەككۇر مېخانىزمىغا ئايلىنىشى تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مىللىي روھ دېگىنىمىزدە، مىللىي خاسلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مىللىي خاسلىق ــ ئۇ بىر مىللەتنىڭ تارىختىن بويان ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرى، ئۆرپ ــ ئادەتلىرى ۋە قائىدە ــ يوسۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ.

مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ قالىدىغان ئامىللارنىڭ ئەڭ مۇھىمى مىللىي خاسلىقتۇر. ئىنساننىڭ قۇرۇلما بىناسىدا ئۆپكە، جىگەر، يۈرەك ۋە مېڭە قاتارلىق تۆت ئاساسىي ئورگاننىڭ قىممىتى قانچە زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولسا، مىللەتلەرنىڭمۇ، مىللىي ئەسكىرى، مۇستەقىللىقى، تىلى ۋە مىللىي خاسلىقى شۇنچە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىر مىللەت ئۆزىنىڭ مىللىي ئەسكىرىدىن، ھەتتا مۇستەقىللىقىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن؛ لېكىن ئانا تىلىنى ساقلاپ قالغان بولسا، ئۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلىقى يوقالمايدۇ. ئەمما تىلىنىمۇ يوقاتقان بىر مىللەت ئۆلۈك ھېساپلانسىمۇ، مىللىي تۇيغۇ ۋە مىللىي خاسلىقنى يوقاتمىغان بولسىلا، ئۇ مىللەت ھامان بىر كۈنى ئۆزىنىڭ ھەققىي كىملىكىنى كەشىپ قىلىپ، ئۆز تىلىنى قايتىدىن ئۆگىنىۋېلىپ ئەسلىگە قايتالايدۇ.

مىللىي روھ مەسىلىسىنىڭ جانلىق ياكى ئۆلۈك بولۇشى مىللەتلەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان شاللاش ياكى شاللىنىش دەۋر تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىرى. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، مىللىي روھ بىر مىللەتنىڭ تاشقى بېزىكى ئەمەس، بەلكى ئۇنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلغۇچى يادرولۇق ئامىل ھېساپلىنىدۇ.

بۇ خۇسۇستا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر مۇھىم ۋەقەلىكنى سۆزلەپ ئۆتۈشنى ئۇيغۇن دەپ قارايمەن:

تۈركىيە، غازى ئۇنىۋېرسىتېتى سەنئەت ۋە تارىخ بۆلۈمى ئاكادېمىيە تەتقىقاتچىسى تالھا ئۇغۇرلۇئەل ئۆزىنىڭ "چاناققەلئە ساياھەت رەھبىرى" ناملىق ئەسىرىدە: 1984 ــ يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى باش مىنىسترى تۇرغۇت ئۆزالنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن تۈركىيەدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ياپونىيەلىك پېداگوگ ــ تەتقىقاتچى بىر ئۆمەكنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدە، تۈرك ياش ئەۋلادلىرىنىڭ مىللىي روھ ۋە مىللىي ئاڭدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ بولسا ياپونىيە خەلقىنىڭ مىللىي روھ ۋە مىللىي ئېڭىنى جانلىق ۋە ئاكتىپ ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆسمۈر باللارنى باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ، تارىخي مۇزېيلارنى، ئورۇش

www.uyghurkitap.com

خارابىلىرىنى، يەن ـ تەخنىكا ۋە زاۋۇت كارخانىلارنى، بولۇپمۇ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئامېرىكا تەرەپتىن ئىشلىغان ئاتوم بومبىسى سەۋەبلىك كۆلگە ئايلىنىپ كەتكەن خىروشىما رايونىغا ئاپىرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرىدىغانلىقىنى، بۇ رايوننىڭ هازىرمۇ ھەم شۇ پېتى ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ قورقۇنۇشلۇق مەنزىرىنى كۆرگەن بالىلارغا، ۋەقەلىكنىڭ نەزەرىيە قىسمىنى جانلىق تىلدا سۆزلەپ بېرىلىدىغانلىقىنى، ئاندىن كېرىشتۈرۈلگەن سىنالغۇ پىلىملەرنى قايتا، قايتا كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتقان، ئاندىن ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىدا ئۆسمۈر بالىلارنىڭ بۇنداق تارىخىي ۋەقەلىكلەرنىڭ زېھنىدە داۋاملىق ساقلىنىپ تۇرۇشى بۇ ئارقىلىق دۈشمەنگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ قەلبىدىن ئۇچۇپ كەتمەسلىكى، شۇنىڭدەك ۋەتەن ۋە مىللەت سۆيگۈسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە مىللىي روھ تۇيغۇلىرىنىڭ يىلدىز تارتىشى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن، ئاندىن ئۇلارغا: ئەگەر سىلەر تىرىشمىساڭلار، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرمىسەڭلار، ۋەتىنىڭلارنى مانا مۇشىنىڭدەك دۈشمەنلەر بومبىلايدۇ، كۆيدۈرىدۇ، ھېچ بىر جانلىق ياشىمايدىغان خارابىلىققا ئايلاندۇرىدۇ. تىرىشساڭلار، سىلەر چىققان ئۇ تېزسۈرئەتلىك پويىزدىنمۇ ئۈلغار قاتناش ۋاستىلىرىنى، تېخىمۇ يۇقۇرى سەۋىيەدە زاۋۇت كارخانىلارنى بارلىققا كەلتۈرەيسىلەر. يۇقۇرى تىپلىق قۇرال ـ ياراق ئەسلىھەلىرىگە ئىگە بولالايسىلەر، شۇنداق بولغاندا، ھېچ قانداق بىر دۈشمەن ۋەتىنىڭلارغا ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. دۆلەتىڭلار تەرەققى قىلىدۇ، مىللىتىڭلار دۇنيا مىللەتلىرى ئالدىدا ھۆرمەت ۋە شەرەپكە سازاۋەر بولىدۇ. مانا ئەمدى تىرىشىش ياكى تىرىشماسلىق ئۆزۈڭلارنىڭ شورى. تىرىشىپ ئوقۇپ، كەلگۈسىدە بىلىم ئادىمى بولۇپ، ۋەتىنىڭلارغا پايدىلىق، خەلقىڭلارغا پەخىرلىك نەسىل بولۇپ يېتىشىپ چىقىش چىقماسلىق ئۆزۈڭلارغا قاراشلىق، شۇڭا سىلەر ھازىردىن باشلاپ بىر قارارغا كېلىشىڭلار كېرەك! ۋەتىنىڭلارنى، مىللىتىڭلارنى ئەقىل پاراسىتىڭلار بىلەن سۆيۈش مەسئۇلىيىتىڭلارنى، مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن ياشاشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىڭلارنى بىلىپ ياشىشىڭلار لازىم ـ دېگەنىدەك سۆزلەر بىلەن ئاكتىپ خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق تەربىيە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى يازغان.

ياپونلۇقلارنىڭ بۇ پائالىيىتى قارىماققا ئادديلا بىر پائالىيەتتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن كەلگۈسى ئەۋلادلارغا مىللىي روھ، مۇستەقىللىق، ھۆرلۈك ۋە تىنچلىقنىڭ خاسىيىتىنى، ئىتتىپاقلىق ۋە مىللىي

بىرلىكنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى تونۇتىدۇ، بۇ يولدا جان پىدا قىلغان قەھرىمانلارغا بولغان سېغىنىشىنى كۈچەيتىدۇ. مىللەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن قان كېچىپ كۈرەش قىلىش ئېڭىنى چىڭىتىدۇ. قاچانكى ۋارىس ئەۋلادلار ئەجدادلىرىغا قەلب تۆرىدىن ئورۇن بەرسە، ئۇلارنى سېغىنسا، قەلبىدە ئۇلارنىڭ روھىنى جارى قىلدۇرۇش ئىستىكى ئويغانسا، ۋۇجۇدى ھاياتى كۈچكە تولىدۇ. دېمەك ئاشۇنداق پائالىيەتلەر ئۆز نۆۋىتىدە ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىدىغان مىليونلىغان پىداكارلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. ئەگەر ھەر خىل پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۇلار خاتىرلەنمەي، ئۇنتۇلۇپ كەتسە، ئەجدادلارغا ئاسىيلىق قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ خىل يامان ئاينىش بىلەن كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ساداقەت ۋە ۋاپادارلىق يالقۇنى ئۆچۈشكە يۈزلىنىدۇ. مىللىي بىرلىك، ئۇيۇشۇشچانلىق ئورنىنى نىزا ـ ئاداۋەت، دۈشمەنلىك قاپلايدۇ. نەتىجىدە شۇ مىللەت ئۆزىنىڭ قۇدرەت تېپىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالىدۇ[1].

شۇڭا بىز مۇھاجىرەتتىكى پۈتۈن ئاتا ـ ئانا، دىنىي ئۆلىما، قەلەمكەش زىيالى، مائارىپچى رەھبەرلىرىمىز، جۈملىدىن ھەممىمىز ياش ئەۋلادلىرىمىزغا ئۆسمۈرلۈك يېشىدىن باشلاپ، ئاتا ـ ئەجدادىمىزنىڭ مىلادىيدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى بىر نەچچە مىڭ يىللىق شانلىق ئۆتمىشىنى، 1680 ـ يىلىدىن باشلاپ ھاكىمىيەت ئۇيغۇرلادىن جوڭغارلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، تا شۇ كۈندىن بۈگۈنگىچە بۇ مۆجىزىدار زېمىندا ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشىنىڭ توختىمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش لازىم. بولۇپمۇ، بۇ بىر ئىككى ئەسىرلىك قاباھەتلىك تارىخىمىزنى، بۇنىڭ ئىچىدە 1949 ـ يىلىدىن باشلاپ قىزىل كوممۇنىست خىتايلارنىڭ سىياسىي بېسىمى، ئىجتىمائىي زۇلمىنىڭ كۈنسايىن ئېشىشىغا ئەگىشىپ، دىنىي، مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى ۋە مىللىي ئەنئەنە. قائىدە ـ يوسۇن ۋە ئۆرپ ئادەتلىرىمىزنى تامامەن يۇقۇتۇپ، مىللەتنىڭ روھىي ھالەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ خەنچە پىسخىك، خەنچە تەپەككۇر، خاراكتېر ـ مىجەز سىڭدۈرۈشكە كۈچەۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ رەزىل مەقسىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن رەزىل ۋە بىشەم ۋاسىتىلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ روھىدىكى دۈشمەنگە بولغان غەزەپ ـ نەپرەت ۋە ئىنتىقام تۇيغۇسىنى غىدىقلاش، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مىللىي روھىيەت مەسئىلىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، ۋەتەن، مىللەت، دىن ۋە دەۋا ئۈچۈن يالقۇنلاپ كۆيىدىغان

[1] يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇقنىڭ «قائىدە يۇسۇنلىرىمىز» ناملىق ئەسىرى، 4 ـ بەتكە قاراڭ.

www.uyghurkitap.com

گۈلخانغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

فارابى، مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائىي، مۇللا مۇسا سايرامى، ئابدۇقادىر داموللام، سابىت داموللام ۋە مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ھەزرەتلىرىدەك مىللىتىمىزگە مىللىي قىممەت ئاتا قىلغان داھىيلىرىمىز، بابا رەھىم مەشرەب، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، مۇھەممەد بىننى ئابدۇللاھ خاراباتى، مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللاھ مۇتەللىپتەك پۈتۈن ۋۇجۇدى مىللىي روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان ئىرپان بۇلاقلىرىمىزنىڭ تۆھپىلىك ئىش ئىزلىرىنى، قەھرىمانلىق تەزكىرە ۋە دەستانلىرىنى قىسقا ۋە مېغىزلىق قىلىپ، ئاسان ۋە ساددە سۆز-ئىبارەلەر بىلەن ئۆسمۈر ۋە ياش پەرزەنتلىرىمىز ئۈچۈن ھەر سەۋىيە بويىچە دەرسلىك كىتابلارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە بۇ كىتابلارنىڭ تۈركىيە مەركەز مۇھاجىرەتتىكى پۈتۈن مەدرىسە ۋە مەكتەبلىرىمىزدە ئالدىنقى پىلاندا دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلۇشى، بولۇپمۇ 1933-ۋە 1944-يىلقى ئىككى قېتىملىق جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ جانلىق ئەكسى ئەتتۈرلىشى، بارىن جىھادى، غولجا قەتلىئامى، 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى قاتارلىق تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقەلىكلەرنىڭ ھەر يىلى كەڭ كۆلەملىك خاتىرلىنىشى، ئىمكان يار بەرسە ئۆسمۈر باللىرىمىز ئۈچۈن قورچاق پىلىم شەكلىدە سىنارىيەلەشتۈرۈپ مېدىيالىرىمىزدا تارقىتىلىشى كېرەك. مانا بۇ خىل پائالىيەت ۋە تەشۋىقاتلارنىڭ كەڭرى قانات يېيىشى ياش ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭلا ئەمەس، ھەممىمىزنىڭ مىللىي روھىمىزنى ئۇرغۇتىدۇ، تارىخ ئالدىدا، ۋەتەن ۋە مىللەتكە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىزنى ۋە مىللىي قىممەت قارىشىمىزنى يۇقۇرى كۆتۈرىدۇ.

ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز داھىلىرىغا، قەھرىمانلىرىغا كەشپىياتچى-تۆھپىكار ئالىملىرىغا، دىنىي ئۆلىما، يازغۇچى زىيالىي ۋە سىياسىي ئەربابلىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش، قەدىرلەش قوغداش ۋە ئەسلەش قائىدە-يۇسۇنى بولىدۇ. بۇ ئومۇمىي مەنىدىن ئالغاندا شۇ مىللەتنىڭ مىللىي روھىيتىنىڭ سەۋىيەسىنى بەلگىلەيدۇ.

ئەپسۇسكى بىز ئۇيغۇر مىللىتى بەش ئەسىرلىك قىسمەت-تەقدىرىمىزنىڭ زاۋاللىق قويىندا تاشلىنىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن، مىللىي روھىيتىمىزنىڭ سەۋىيەسى چۈشۈپ كەتتى. شۇڭا، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن ئۆزىنىڭ"يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت" ناملىق كىتابىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىدەك، بۇ مۆجىزىدار زېمىندا بۆلۈنمە ھاكىمىيەتچىلىك ئۇرۇشلىرى، ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكلىرى، كىتاب كۆيدۈرۈش، ئىنسان پەرۋەر

مۇتەپەككۇرلارنى دارغا ئېسىش، نەچچە ئونلاپ كاللا مۇنارى ياساش، ئابدۇقادىر داموللامغا قەست قىلىش، مەمتىلى ئەپەندىنى كۆيدۈرۈش، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قازا چىلاش ۋە زىيالىلار خۇسۇمەتخورلىقىدىن باشقا بىزدە بىر نادىر چېچەك ئېچىلمىدى. شۇڭىمۇ هازىرغىچە ئېچىمىزدە بىر نوپۇزلۇق رەھبەرلىك يادرۇسى يوق.

ئەسلىدە بىزگە ئوخشاش ئۆز تەقدىرىنى باشقىلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ پەرياد چېكىۋاتقان دىلى سۇنۇق، كۆزى ياش، روھى ئېزىك خەلقنىڭ رېئالىيەتتىكى تەقەززاسى بۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى. ئەكسىچە، مىللى ئەنئەنە، مىللى خۇسۇسىيەت روھىيەت كەۋسىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان، ۋۇجۇدىنى گۈزەل ئەخلاقى پەزىلەتلەر بىلەن بېزىگەن، كۆرەش ئىرادىسىگە ئىگە ھەققى ۋىجدان ئىگىسى، ئىسمى جىسمىغا لايىق ۋەتەن ئوغلانلىرىنىڭ كۆپلەپ چىقىشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇ شۇنداق ئەرك سۆيەر ۋەتەن ئوغلانىكى، ھەقىقەت يولىدا پۇچۇلۇنۇپ تۇرىدىغان، چوڭ سۆزلەپ، لاپ ئۇرۇشتىن كۆپرەك ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ياشايدىغان، ئىچكى دۇنياسى مۇقەددەس دىنى، ئەزىز خەلقى، مۇبارەك ۋەتىنى يولىدا ھەر زامان يالقۇنلۇق تونۇر كەبى كۆيىدىغان، ئەمما "كۆيدۈم" دەپ ئەسلا نالە-پەرياد چەكمەيدىغان، بەلكى ئۆزىنى بىلمەي تەمترەپ قالغۇچىلارنىڭ زەئىپ روھىغا دىنى چۈشەنچە، ۋەتەن مۇھەببىتى، مىللى ئاڭ چۇلالىنىپ تۇرىدىغان نۇرانە ئېنېرگىيە تەقدىم قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ھەرىكەت لايىھىسىنى دائىم تارىخنىڭ ئىبرەتلىك ئەسلىمىلىرىگە قاراپ تۈزىدىغان، قەلبى داۋاملىق "دىن، ۋەتەن، مىللەت" دەپ سوقىدىغان، بۇ يولدا ھەرقانداق بىر ۋەزىپە ئاساسلىق تېما بولغاندا خۇشاللىق بىلەن پۈتۈن ئارزۇ-ئىستەكلىرىدىن ۋاز كېچەلەيدىغان، ھەممىگە باغرىنى ئاچالايدىغان، ھەممىنى قۇچاقلىيالايدىغان، ھەممە كىشى بىلەن قېرىنداشلارچە سەممىي دوست، ۋاپادار يولداش بولالايدىغان، ھېچ كىم بىلەن جېدەل-ماجىراغا كىرمەيدىغان، ھېچكىمگە قارشى دۈشمەنلىك قىلمايدىغان، ئۆز كۆز قارىشى، ئۆز چۈشەنچىسى، ئۆز مەسلەك ۋە ۋەزىيىسىگە كۆرە بىر قىسىم تاللاش ۋە ئىختىيارلاردا بولغان بولسىمۇ، قەتئىي باشقىلار بىلەن رىقابەتكە، سۈركىشىشكە كىرمەيدىغان، بەلكى دىنى، ۋەتىنى، خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىدىكى ھەممە كىشىنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ پۈتۈن مۇسبەت ۋە بولۇشلۇق پائالىيەتلىرىنى قىزغىن ئالقىشلايدىغان، ھەمدە ئۇلارنىڭ رەيى، كۆز-قارىشى، پىكىر ۋە خىزمەت پىرىنسىپلىرىغا ھۆرمەت قىلىدىغان، بىر يولدا يۈرۈپ،

بىر پىكىردە ئورتاقلاشقانلار بىلەن ئەسلا سۈركىلىشمەيدىغان، ئۇلارنىڭ ھەر قانداق ئارتۇقچىلىقى ۋە ئۇتۇقلىرىغا قەتئىي قىزغانمايدىغان، بەلكى قولىدىن كېلىشىچە ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ تۆھپە يارىتىپ قابىلىيەتلىك تالانت ئىگىلىرىدىن بولۇشىغا ياردەملىشىدىغان، ماقام-مەنسەپ، شان-شۆھرەت خىيال قىلمايدىغان، ئۆزىنىڭ يولداشلىرىنى، مەسلەكداشلىرىنى ۋە سەپداشلىرىنى ئومۇمەن ھەر ئىشتا ۋە ھەرقانداق يەردە ئۆزىدىن ئارتۇق كۆرىدىغان، دىن، ۋەتەن، مىللەتكە خىزمەت قىلىش ئېڭىغا مەنسۇپ ھەرقانداق مەزھەب، جامائەت، تەشكىلاتلارنىڭ مۇسبەت ئۇتۇقلىرىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغان، ئۆزىنىڭ ھەر قانداق ئۇتۇق ۋە مۇۋەپپىقىيەتلىرى مۇقابىلىگە باشقىلاردىن تەنتەنە، ئالقىش-ساداسى كۈتمەيدىغان، بەلكى بۇ دۇنيانىڭ خىزمەت، ۋەزىپە ۋە ئىش-ھەرىكەت ئورنى ئىكەنلىكى ئېڭى بىلەن، ئۆزىنى چىن ئىنسانلىق مەسئۇلىيىتىنى مۇكەممەل ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر ۋەزىپىدار بىلىپ، ئەجرىنى پەقەت جانابى ئاللاھتىن كۈتىدىغان، مىللەتنى ئەقىل پاراستى بىلەن سۆيىدىغان، ۋۇجۇدى مىللىي روھ بىلەن يۇغۇرۇلغان ئەھلى ئۆلىما، سىياسىي ئەرباب دەۋا ئادىمى، يېتەكچى رەھبەرلەردىن ئىبارەتتۇر.

شۇڭا بىز يەنە مەزكۇر بەش ئەسىرلىك قابىلىيەت ئەرۋاھلىرىنىڭ قۇربانلىرى سۈپىتىدە تۆگە قۇشىدەك بېشىمىزنى قۇمغا تىقىپ ياتماي، "تۇرۇقۇڭنى تۈزەي دېسەڭ ئەينەككە قارا، ساۋاق ئالاي دېسەڭ تارىخقا قارا، پۇتلاشماي دېسەڭ نادانغا قارا" دېگەن ھېكمەت شامىدا ئۆتكەن ئەسىرلەر قوينىغا نەزەر تاشلاپ تارىختىن ئىبرەت ئالايلى. بۇ جەھەتتە ئويلانماسلىق كامالەت روھىدىن چەتنىگەن روھى خۇنۇك، ئەقلى مەجرۇھ، پەيلى بۇزۇقلۇق كېسەلدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىزنىڭ بۈگۈنكى ھال-ئەھۋالىمىزنىڭ يەنە بۇ كېسەلگە بوغۇلۇپ، ۋىجدان مۇختارىيىتىگە ناباب تېرىقتەك چېچىلىپ "ئۆچى-بۆچى" دېيىشىپ يۈرت، جامائەت تۈركۈملىرىگە ئايرىلىپ بېشى بوش ھايۋانلاردەك ئۆز بېشىمچە يۈرۈۋېرىشكە تاقىتى يوق. بۇ جەھەتتە كۆزى ئۇچۇق، ئەقلى ئويغاق ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسى ئىنساپ بىلەن ئۆزىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، مىللەتنى ئەقىل بىلەن سۆيۈشى، ھەر بىر قەدىمىنى ھېرىس ياكى ئۆزەكى سەتىھى نەزەر بىلەن ئەمەس، ھېكمەتلىك پىكىر ۋە ھىممەتلىك غەيرىتى بىلەن بېسىشى، "ئويلىنىپ بېسىلمىغان ھېرىس قەدىمى مەھرۇملۇق مەنزىلىگە يەتكۈزىدۇ" دېگەن ئۇلۇغ ئىبارىنى ئۆزىنىڭ ھايات لەۋھەسىگە نەقىشلىۋېلىشى لازىم.




ھەر بىر ئىنسان ئۆزى تەۋە بولغان تۇپراق، قەۋم، ۋە مەدەنىيەتنىڭ بىر پارچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن ياشاش پرىنسىپلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ ياكى ئۆزى توغرا دەپ قارىمىغان تەرەپلىرىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىدۇ ۋە ياكى نورمال بولغان بىر جەمئىيەت تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ جەمئىيەتتە نورمالسىزلىق پەيدا قىلىپ كونترول قىلىۋاتقان كۈچكە ـ ئۇ كۈچ مەيلى ئادىل بولسۇن ياكى زالىم بولسۇن ـ خىزمەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى دۇنيا بەخت سائادىتىنى ئازغۇن ئەقىدىنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرۇپ بەختلىك ياشىماقچى بولىشىدۇ. قەلبى ئىمان بىلەن سۇغىرىلمىغان، ئىنسانىيلىقتىن تولۇق نېسىۋىسىنى ئالمىغان بۇنداق كىشىلەر ھەر دائىم ئۆز نەپسىنىلا ئويلايدۇ ۋە باشقىلارنىڭ ھايات ماماتى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ.

قەلبىگە ئاللاھنىڭ نۇرى ئورنىغان، ۋەتەن مىللەت ئۇقۇمىغا ئىگە، قەۋم ـ قېرىنداشلىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا ھەر زامان تەييار ـ يىگىت ئاتلىق، مۆمىن سۈپەتلىك ـ ئۈممەتنىڭ پىداكار ئەزىمەتلىرى بولسا ھەر ۋاقىت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن جان دىلى بىلەن تىنىمسىز خىزمەت قىلىدۇ.

ۋەتىنىمىزنىڭ نۇرلۇق چىرىقى ۋە بەخت ـ سائادىتىنىڭ ئاچقۇچى بولغان ئىسلامىي مائارىپنى تۇتۇپ تۇرۇش ۋە

ئۇنى ئۈزۈپ قويماستىن داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ۋەتىنىمىزدىكى قانچىلىغان ئالىم-ئۆلىما، قارى قۇرئان ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئەڭ ئالىي غايە بىلىدىغان جاسارەتلىك تەقۋادار مۇسۇلمان خەلق ۋە پىداكار بايلارنىڭ تۆلىگەن بەدەللىرى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ مىللىتىمىزنىڭ پەخرى، ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ ئۆچمەس ئىزچىلىرى ۋە مەزكۇر بەدەللەرنىڭ مەھسۇلى بولغان بىز مەدرىسە تالىپلىرى مانا ھازىر چەتئەل زېمىنلىرىغا قەدەم بېسىش نېسىپ بولغانلىرىمىز بۈگۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى دۆلەتلىرىدە يۈكسەك ئۈمىد بىلەن ئوقۇشلىرىمىزنى داۋام قىلماقتىمىز.

ئەمما بەزىلىرىمىزنى غېرىبلىق، سىقىلىش، ئۈمىدسىزلىك، چارىسىزلىك تۇمانلىرى قاپلىماقتا. كەلگۈسىمىزنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىزنىڭ ئۈمىدلىرىمىزنى يوقىتىشقا، جاسارىتىمىزنى سۇندۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا.

ئەپسۇس، بىز بۇ ھالەتكە قانداق بولۇپ چۈشۈپ قالدۇق؟ بىز ۋەتەندىكى ۋاقىتلاردا بۇنىڭدىن ئارتۇق ياكى بۇنىڭدىن ئېسىل بىر ھالەتتە ئوقۇغانمىدۇق...؟

بىز تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان مەزگىللەر ئاتا ئانىلىرىمىزنىڭ بىر قەدەر غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان، ھەممە ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا ئېسىلىپ كاپىرلارنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇش يوللىرىنى ئىزدەۋاتقان ۋە بىر-بىرىدىن چىقىش يوللىرىمىزنىڭ دىنىي ۋە پەننىي مائارىپنى گۈللەندۈرۈش ئىكەنلىكىنى ئاستا ئاستا تونۇپ يېتىپ بۇ خىزمەت ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقان، بىزلەرنى ئاللاھ يولىدا خىزمەت قىلىدىغان ئىلىم ئەھلى، مىللەتنىڭ پەخرى قىلىپ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىۋاتقان مەزگىل ئىكەن.

ئاتا-ئانىلىرىمىز، بىر تەرەپتىن كوممۇنىستلارنىڭ مەجبۇرى مائارىپىدىن بىزنى قۇتۇلدۇرۇپ ئىسلامىي مائارىپ ئاستىدا يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىز ئۈچۈن مۇۋاپىق تەلىم تەربىيە سورۇنى ھازىرلاپ بېرىش ئۈچۈن مەخپىي مەدرىسەلەرنى پىلانلايتتى ۋە كاپىرلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن ئۈستىلىق بىلەن لايىھەلەيتتى. ئۇ مەدرىسىلەر ياندىشىما خوشنىلار ئۆيى ياكى يەر ئاستى مەخپىي ئۆيلەر ئىدى، بۇ ئۆيلەر ئۆز ئىچىمىزدە «مەدرىسە» دەپ ئاتىلاتتى.

بۇ ۋاقىتلاردا بىز ئىنتايىن جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە ئوقۇيتتۇق، ئوقۇش ئۈچۈن بىز تارتقان جاپا-مۇشەققەتلەرنىڭ بەزىلىرىگە، ئۇنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان ئىنسان ئىشەنمەيتتى، لېكىن بۇ مۇشەققەتلەرنىڭ مۇكاپاتى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىمىزدا ئىنتايىن ئۈمىدكە تولاتتۇق، بەزىدە ساقچىلارغا تۇتۇلۇپ

قىلىش، تۈرمىلەردە تاياق يېيىش، خورلىنىش قاتارلىقلار بىزنى قورقىتالمايتتى. چۈنكى بىز ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئىلىم ئىزدىگەن يولدا ھاياتىمىزنى ئاتىۋەتكەن ئىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن تەۋەككۇلچىلىك روھىمىز پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزگە ھەيۋە قىلىپ بىزنى بوي ئەگدۈرۈپ مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىش ئۈچۈن ھەركەت قىلىۋاتقان زالىملارنىڭ باشقىلار ئويلىغاندەك ئۇ قەدەر كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا كۆرسەتمەي، بىلدۈرمەي تۇرۇپ ئۇلار خالىمايدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتۇق ۋە بىز شۇلاردىن مەخپىي ھەركەت قىلىۋاتقان، ئەمەلىي سىناپ بېقىۋاتقانلىرىنىڭ بىرى ئىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۈشمەن بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئۇنچىلىك كۈچلۈك كۆرۈنمەيتتى، قەلبىمىزدە ئاللاھنىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە بېرىدىغان ئەڭ شېرىن خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بىزگە تەسەللى بولاتتى.

مەدرىسىلەردىكى ۋاقتىمىزدا قايسى تەرەپتىن ساقچى كىرىپ بىزنى تېپىۋالارمىكى دەپ قورقاتتۇقيۇ يەنە خاتىرجەم ھالدا بىلىملىرىمىزنى ئېلىپ ئۇيقۇمىزنى خاتىرجەم ئۇخلىيالايتتۇق، چۈنكى بىز تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەيدىغانلىقىغا چىن دىلىمىزدىن ئىشىنەتتۇق، ئۇمىدۋار بىر روھ بىزنى ھەردائىم ئاللاھ تەرەپكە تارتىپ تۇراتتى، ھەر دائىم ھازىرلىقتا تۇراتتۇق، ھازىرلىق دېگىنىمىز، ئەگەر ساقچىلارغا تۇتۇلۇپ قالساق ئۇلار ئۇستازىڭ كىم؟ قاچاندىن بېرى ئوقۇۋاتىسەن؟ نېمە ئوقۇدۇڭ؟ دەپ سورىسا بۇلبۇل كەبى تۆكۈپ بېرىدىغان يالغانلار ئەلۋەتتە ھازىر ئىدى.

ئوقۇشىمىز مانا مۇشۇنداق جاپا مۇشەققەتلىك، ۋە ھەرخىل ئەندىشە ئىچىدە بولغان بولسىمۇ، بىزنىڭ روھىمىزدىكى جاسارەت، ئىمانىمىزدىكى ھالاۋەت، بىزنىڭ مېڭىۋاتقان بۇ تىكەنلىك يولنىڭ بىزگە ئىككى دۇنيا بەخت ـ سائادىتىنىڭ يولىنى ئاچىدىغان بىر ساماۋى يول ئىكەنلىكىنى ھەرۋاقىت ئەسلىتىپ بىزنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇراتتى، چۈنكى بىز ھەر دائىم بىر ـ بىرىمىزگە مەدەت بېرىپ، ئىرادىنى تاۋلايدىغان سۆزلەرنى قىلىشاتتۇق ۋە رىغبەتلەندۈرەتتۇق، باتۇرلىرىمىزنىڭ ئىش ئىزلىرىنى، قەھرىمانلىقلىرىنى ئۆز ئارا مۇلاھىزە قىلىشاتتۇق، ساھابىلەرنىڭ تارىخىنى قايتا قايتا ئوقۇيتتۇق، شۇلارنىڭ ئىز باسارلىرىدىن بولۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ئوقۇش نىيىتىگە كېلەتتۇق. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇستازلىرىمىز بىزگە دىنىي ماتېرىياللارنى ئەكىلىپ بەرگەندىن باشقا ئۆزىمىزنىڭ تارىخى ماتېرىياللىرىنى، قىممەتلىك نادىر كىتابلارنى ئەكىلىپ بېرەتتى، بۇ

كىتابلارنى ئوقۇغانسېرى ياۋۇز دۈشمەنگە بولغان نەپرىتىمىز ئاشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىمىزنىڭ شانلىق تارىخىمىز ۋە باتۇر قەھرىمانلىرىمىز بىلەن پەخىرلىنەتتۇق.

بۇ مەدرىسلەردە ئاي ئايلاپ كۈن نۇرىنى كۆرمەي پىت بىلەن قان تالىشىپ، چاشقان بىلەن نان تالىشىپ ئوقۇغان چاپالىرىمىزنى بىزنى دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىپ ئىسسىق ئائىلىمىزگە قايتىپ كەلگەن كۈنىمىزدىلا ئۇنتۇپ كېتەتتۇق ۋە ئائىلىمىزدىن ھېچ ئايرىلغىنىم كەلمەيتتى. مۇشۇنداق چاغلاردا ئانىلىرىمىزنى بىزگە قىلغان چىرايلىق نەسىھەتنى ۋە ئاللاھنىڭ بىزلەرگە بېرىدىغان مۇكاپاتلىشىنى ئەسلىتىپ قىلغان ۋەزنىلىك سۆزلىرى بىزلەرگە قايتىدىن جاسارەت، تەۋرەنمەس ئىرادە ئاتا قىلاتتى، دە خوجۇنلىرىمىزنى توشقۇزۇپ بەرگەن ھەرخىل قۇرۇق يەل يېمىش ۋە نان-توقاچلىرىمىزنى يۈدۈپ مەدرىسەلىرىمىزگە يۈرۈپ كېتەتتۇق، مەدرىسە ھاياتىدىكى تەسىرلىگۈسىز بۇ گۈزەل ۋە جاپالىق ھاياتىمىزنى قانچىلىك تەسىرلىگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا تەسىرلەپ بولالمايمىز.

بىزنىڭ ئاستا ئاستا بىلىم سەۋىيىمىز ئېشىپ يېشىمىز چوڭايغان ۋاقىتلاردا بولسا مەدرىستىكى ساۋاقداشلىرىمىز بىلەن ئۆزئارا دۇنيا ۋەزىيىتى ھەققىدە مۇزاكىرە قىلىشىدىغان بولدۇق. كۇنسىرى تەرەققى قىلىۋاتقان تۈر سەھىپىلىرى بىزگە دۇنيانى كۆز ئالدىمىزغا ئەكىلىپ بەرگەن ئىدى، ئۇنىڭ ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەرقايسى تەرەققى قىلغان شەھەرلىرىنى ۋە بۇ شەھەرلەردە غەمسىز خاتىرجەم ھالدا يورۇق سىنىپلاردا ئاللاھنىڭ كالامىنى ۋە ئۇنىڭ دىنىنى ئۆگىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى كۆرگىنىمىزدە ھەۋەستىن ئىختىيارسىز كۆزلىرىمىزگە ياش كېلەتتى ۋە بىزگىمۇ ئاللاھنىڭ شۇنداق گۈزەل كۇنلەرنى نېسىپ قىلىشىنى ھەر دائىم دۇئايىمىزدا تىلەيتتۇق.

بارا بارا بۇ بەختىنىڭ بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە بىزگە نېسىپ بولمايدىغانلىقىنى، بىردىن بىر چىقىش يولىنىڭ بۇ دۆلەتنى تەرك ئېتىپ شۇ بىز ئاڭلىغان، كىنولاردا كۆرگەن دۆلەتلەردىكى ئىلىم بۇلاقلىرى بولغان ئۇنىۋېرسىتېتلارغا بېرىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق. بۇ ئارزۇيىمىزغا يېتىش ئۈچۈن بىردىنبىر توسالغۇ بولغان «پاسپورت» چۈشى كۆرۈشكە باشلىدۇق، بىر پاسپورتۇم بولسا شۇ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا بېرىپ بىلىم بۇلاقلىرىدىن قانغۇچە ئىچسەم دەيدىغان بۇ بۇيۈك ئارزۇ ھەرۋاقىت قەلبلىرىمىزدە يىلىنجايدىغان بولدى، شۇنداقلا دۇئالىرىمىزدا كەم بولمايدىغان بىر تىلەكلىرىمىزگە ئايلاندى، ئارىمىزدىكى ئىقتىسادى ئەھۋالى ياخشى ئائىلىلەرنىڭ باللىرى نۇرغۇن پۇللارنى خەجلەپ پاسپورت ئېلىپ چەتئەلگە

ئوقۇشقا يولغا چىققاندا، ئۇلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ ئاللاھتىن بىزگىمۇ شۇنداق كۈنلەرنىڭ تىزراق كېلىشىنى تىلەيتتۇق.

ئاخىرى بۇ دۇئالىرىمىزمۇ قوبۇل بولدى، تۇيۇقسىز ئۇستىمىزدە كېچە كۈندۈز زۇلۇم جاللاتلىرىنى ئايلاندۇرۇپ تۇرىۋاتقان بۇ زالىم ھاكىمىيەت ھەممە ئادەمگە پاسپورت بېرىشكە باشلىدى، ھەممە ئادەم دەسلەپتە بۇنىڭ چۈشى ياكى ئوڭى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇپ قالغان بولسا، كيىن بۇ ئىشنىڭ يالغان ئەمەسلىكىنى بىلىپ ئالدى-ئارقىسىنى ئويلىمايلا چەتئەلگە سەلدەك ئېقىشقا باشلىدى، بەزىلىرى كۆرۈپ بېقىش ۋە ساياھەت ئۈچۈن ماڭسا، يەنە بەزىلىرى قانداقتۇر نىيەتلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئۆي ماكان ۋە بارى يوقىنى سېتىپ خەيرى خوش ۋەتەن دىگىنچە ھەرخىل دۆلەتلەرگە قاراپ ئېقىشقا باشلىدى.

بىزمۇ بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەستىن، ئەل ئاغىنە ۋە ساۋاقداشلار بىر بىرىمىزنى سۆرەپ ئىلىم-ئىرپان ئىشتىياقىدا ئاتا-ئانىلىرىمىزنى، دوست بۇرادەرلىرىمىزنى ۋە ئانا ۋەتىنىمىزنى تاشلاپ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن چەتئەل سەپىرىگە ئاتلاندۇق، دۆلەت ۋە ھەتتا قىتئە ئاتلاپ ئىلىم ماكانلىرىنى ئىزدەشكە باشلىدۇق.

چەتئەلگە چىقىپ بىلدۇقكى دۇنيادا بىزدەك قاراڭغۇ مەدرىسلەردە ئوقۇيدىغان ۋە ئوقۇغان ئىلمىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان قولىدا بىرە تالمۇ دىپلومى يوقلاردىن پەقەت بىز بار ئىكەنمىز. بىزدەك تەۋەككۈلچى ۋە قورقماسلاردىنمۇ ھەم بىزلا بار ئىكەنمىز. بىزدەك ئىلىم ساراڭلىرىدىنمۇ يەنە بىزلا بار ئوخشايمىز، چۈنكى بىزدەك ئىلىم-مەرىپەت ئېلىشى چەكلەنگەن ھېچ بىر قەۋم دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن. چۈنكى يۇرتىمىز مەكتەپلىرىدە ئۆگىتىلگەن دەرسلەر ھەممىسى دېگۈدەك-بولۇپمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇپ رايونلىرىدا-كوممۇنىست تەشۋىقاتلىرى ۋە دىنسىزلاشتۇرۇش سىياسەتلىرىنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنىپ قالغاچ، ساپاسىز ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى، پەرۋاسىز ئوقۇغۇچىلار تۈزۈمى بۇ ياش نوتىلارنىڭ 90% نى كاردىن چىقىرىۋاتاتتى، بۇ مەكتەپلەردىكى كۆرۈنگەن مائارىپنىڭ ئەھۋالى شۇ بولغاچقا يوق ھېسابتا مۇئامىلە قىلىندى.

ئەمما شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشكە توغرا كېلىدۇكى ئىلىم-مەرىپەتكە بىزدەك ئىشتىياق باغلىغانلارنى بىز بۇ چەتئەلگە چىقىپ كۆرۈپ باقمىدۇق، بىزنىڭ شۇ ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلىرىمىز بىرەر پايدا-مەنپەئەت كۈتۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، تۆلەيدىغان بەدىلىنىڭ يۇقىرىسى ئۆلۈم، ياكى 15~20 يىللىق قاملىشتىن ئىبارەت بۇ قىيىن ۋەزىيىنى تالىشىپ تۇرۇپ ئۆز ئۈستىگە ئېلىشاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ يولدا

نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلىگەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. بۇنداق ئىخلاس، ۋە ئۇنداق ئىخلاسمەن مۇسۇلمان دۇنيانىڭ يەنە باشقا يېرىدە بولمىسا كېرەك..!

بىز بۇ چەتئەل مائارىپىغا ھەيرانلىق بىلەن چۆكۈپ كەتتۇق، ئىلىم سەپىرىمىزدە تۇنجى قەدەم باسقان دىيار مىسىر ئىدى، مىسىردا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ھەممەيلەنگە ئايان، بۇ تەتۈر پىشانىلىكمۇ ياكى بىز مۇشۇ تەقدىرگە لايىقمۇ بۇنى ئويلىنىپ پىكىر يۈرگۈزۈپ بولغىچە، نۇرغۇن ئامالسىزلىقلار تۈپەيلى قەلبلىرىمىز جۇل-جۇل، ئىنتايىن روھسىز ھالدا تۈركىيە سەپىرىگە ئاتلاندۇق. تۈركىيەگە سالامەت يېتىپ كېلىۋالغاندىن كېيىن، ھەرخىل شەھەرلەردىكى خىلمۇخىل ئۇنىۋېرسىتېتلارغا يەرلەشتۈر، ھەممىمىز ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئوقۇشىمىزنى باشلاپ كەتتۇق، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا ئاستا بۇرۇنقى كۈنلىرىمىزنى سېغىنىشقا ۋە ھازىرقى ھاياتىمىز بىلەن سېلىشتۇرۇشقا باشلىدۇق.

ئۇ چاغلاردا بىز زالىملارنىڭ تۇتۇۋېلىشتىن قورقساقمۇ ئەمما يولىمىزدىن قايتىشنى ئويلاپ باقمايتتۇق، چۈنكى بىزدە ئۇ چاغلاردا ساھابىلەرنىڭ روھى بولسا كېرەك ھەر بىر قەدىمىمىزنى ساۋاپ ئۈمىت قىلىپ باساتتۇق ۋە ئۈمۈتۋار ئىدۇق.

ئۇ چاغلاردا بىز قاراڭغۇ مەدرىسلەردە جاپا تارتىپ ئوقۇساقمۇ ئۆز ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىدا ئىدۇق ۋە ۋەتەننىڭ قىممىتىنى بۇنچىلىك ھېس قىلمىغان ئىكەنمىز.

ئۇ چاغلاردا بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ھەرخىل مۇسىبەت كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ئىدىيە جەھەتتە بىزنىڭ تەييارلىقىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئارتۇق ئەندىشە قىلىپ كەتمەيتتۇق ۋە يەنىلا روھلۇق ئىدۇق، بىزنىڭ مەنىۋىيىتىمىز ئۇ قەدەر تۇق ئىدىكى نە ئاتا ئانىمىزنىڭ غېمى نە پۇل، مال-دۇنيا غېمى، نە كېلەچەك غېمى بىزنىڭ قەلبلىرىمىزنى پۇچۇلمايتتى.

مانا بۈگۈن كېچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلغان ئاشۇ چەتئەلدىكى بىلىم يۇرتلىرىدا، بىلىم ئىشتىياقىدا يۈرۈپتىمىز، ھەممە ئىشلار بىز ئويلىغاندەك ئاسان بولمىغان بولسىمۇ ئەمما بىز ئارزۇ قىلغان ئوقۇش ھاياتىغا ئاساسەن ئېرىشتۇق دەپ ئويلايمەن. كۆپىنچىمىزنى بىرخىل روھى سىقىلىش ۋە ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇسى چىرمىۋالدى، چۈنكى بۇ ھايات بىزگە كۈتكىنىمىزنى ئەمەس كۈتمىگىنىمىزنى بەرسە بىز بۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى تېخى ئويلاشمىغان ئىدۇق،

چەتئەل ھاياتى بىزگە كۈتكىنىمىزنىڭ قارشىسىنى بەردى، ئارزۇ قىلىپ چىققان يورۇق سىنىپلار، ئازادە، كەڭ تاشا مۇھىتلار، غەمسىز ئوقۇغۇچىلىق ھاياتى

بىزگە قۇچاق ئاچمىدى، شۇنچە ئۇلۇغۋار غايىلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپ چىققان بىغۇبار نەۋقىران ياش غۇنچىلىرىمىز، مىللەتنىڭ ئۈمىدى بولغان ياش يىگىتلىرىمىز، ئۈممەتنىڭ گۈل تاجى مىللەتنىڭ ئانىسى، ئەركەكلەرنىڭ ئامانىتى بولغان مەسۇم قىزلىرىمىز، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىلىم يولىدا چىدىماس زالىملارنىڭ ھەرخىل تۇزاقلىرىدا ھاياتى، كەلگۈسى، ياشلىق باھارى ۋەيران قىلىندى.

بىر، ئىككى يىل ئىچىدىلا تارتمىغان جاپا-مۇشەققەت قالمىدى، بۇ ئىلىم ئاشىقلىرىدىن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن تاللىنىپ قالغان ئازغىنە ئوقۇغۇچىلار مانا بۈگۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەرخىل ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئورۇنلىشىپ ئوقۇشلىرىنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بولسا تۈركىيەنىڭ ھەر قايسى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ھەرخىل پەنلەردە ئوقۇۋاتىدۇ، بىر قىسىملىرى بولسا ئۈلگىلىك تىرىشچانلىقلىرى بىلەن ناھايىتى ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتىدۇ.

ئۇنىۋېرسىتېتلارغا كىرىپ كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ ئوقۇش مۇھىتىغا قاراپ بىزنىڭ ئوقۇپ چىققان مەدرىسەلىرىمىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆزلىرىمىزگە ئىشەنەلمەي قالدۇق، بىز كىنولاردا كۆرگەن يورۇق سىنىپلارنىڭ ئىچىدىكى ئوقۇتۇش مېتودلىرى، ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ راھەت بىلىم ئىگەللەش ئۈچۈن ھازىرلانغان ئۈگىنىش مۇھىتلىرى بىزنى ھەقىقەتەن سۆيۈندۈردى ۋە ھەيران قالدۇردى. كەڭ كۈشادە مەكتەپلەر، يورۇق سىنىپلار، ئىلمى مۇنازىرىلەر، ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلىگە بولغان ھۆرمەت كىمنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن!

يەنە بىر ھەقىقەت شۇكى، ھەر قانداق بىر ئوقۇغۇچىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن كېيىنكى ھاياتىدا تاللاش ئىختىيارلىقى بولىدىكەن، ئوقۇيدىغان كەسپى، ئارزۇسى، مەكتىپى، ئۆزىنى قانداق يېتىلدۈرۈشى، نېمىنى ئۈگىنىشى، ھاياتتا قانداق ياشاشقىچە ھەممە ئىختىيارلىق شۇ ئىنساننىڭ ئۆزىدە بولىدىكەن، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن قولدىن كېلىدىغان ھەممە شارائىت يارىتىلىپ بېرىلىدىكەن، بىراق ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىلىش قىلماسلىقى، بۇ شارائىتلاردىن پايدىلىنىش پايدىلانماسلىقى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدىكەن، بىزدەك بېسىمغا كۆنۈپ قالغان، بىرى ھەيدەكچىلىك قىلمىسا ئىلىم ئېلىشمۇ خوش ياقمايدىغان باللارغا بۇ شارائىت بىر ئاز رېئاكسىيە قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە بىخۇدلىشىپ كېتىشى ئېغىرلاۋاتىدۇ.

ئەمما بىزدەك ئىلىم ئاشىقلىرى دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىكەن، شۇنچە ئېسىل شارائىتنى قەدىرلەيدىغان، ياخشى كۈتۈپخانىلارنى ئاۋاتلاشتۇرىدىغان

www.uyghurkitap.com

ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى ئاز ئىكەن، چۈنكى بۇلارنىڭ ھۆر ۋەتىنى، ئىللىق ئائىلىسى، گۈزەل يۇرتى، ۋە بۇلارغا زۇلۇم سالىدىغان ئەمەس، ئەكسىچە كېچە-كۈندۈز بۇلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان رەئىسلىرى بار ئىكەن. ئوقۇسا تېخىمۇ ياخشى بولىدىكەن ئوقۇمىسىمۇ ئاچ يالىڭاچ قالمايدىكەن. ئەمما بىزنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن نىمەتلەرنىڭ ھەممىسى بىزدىن تارتىۋېلىنغان بولغاچ بىز بۇ نىمەتلەرنى قولىمىزغا ئېلىشىمىز ئۈچۈن يۈكسەك غايە، سۇنماس ئىرادە، ۋە پەۋقۇلئاددە تىرىشچانلىق بىلەن تېرىشىشىمىزغا توغرا كېلىدىكەن.

بىزنى قاپلىۋالغان بۇ چارىسىزلىك، چۈشكۈنلۈك ۋە تېڭىرقاشلاردىن ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ قۇتۇلمساق بىزگە باشقا چارە يوق ئىكەن. ئۈمىدسىزلىك ئىنساننىڭ ئۆگىنىدىغان، تەپەككۇر قىلىدىغان، ئويلايدىغان، تىرىشىدىغان، ۋە ئۆزىگە ماددى ۋە مەنىۋى بايلىق توپلايدىغان ۋاقتىنىڭ يېرىمىنى ۋە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەكىنى يوققا چىقىرىدىكەن.

بىز دۇنياۋى ئىلىم پەن ۋە تەرەققىياتلار بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىنلا ئۆزىمىزدىكى يېتەرسىزلىكنىڭ نەقەدەر كۆپ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتۇق، ئەمما ئۇنى تولۇقلاشقا رىغبىتىمىز، ھىممىتىمىز بولسىمۇ، يېتەرلىك ئەمەس.

تارىختىن بىرى نەتىجە قازانغان، مىللەتكە ۋە ۋەتىنىگە شان شەرەپ كەلتۈرۈپ ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقانلارنىڭ ھەممىسى بىزدەك جاپا مۇشەققەتلەر بىلەن تاۋلىنىپ ئوقۇغانلار ئىكەن. شۇنداق بولغان ئىكەن بىزمۇ ھەم قايغۇنى كۈچكە، ئازابنى ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرۇپ، غەم ئەندىشىلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، ياۋۇز دۇشمەن بىزنى مەھرۇم قويغان ھەر ساھە ئىلىملىرىنى پۇختا ئىگەللەپ ئۆزىمىزنى ھەر تەرەپتىن يېتىشتۈرۈپ ئۇممەتكە پايدىسى تېگىدىغان ئىلىم ساھەسىدە چاقنىغان يۇلتۇزلاردىن بولۇشىمىز، ئۆزىمىزگە مەڭگۈلۈك تىرىشچانلىق روھىنى تىكلىشىمىز كېرەك!

بىلىشىمىز كېرەككى بىز ۋەتىنىدىن نەچچە يىل ئايرىلىپ قېلىپمۇ ئائىلىسىدىن خەت كەلسە ئۇنى ئوقۇماي ياستۇقىنىڭ ئاستىغا باسۇرۇپ قويۇپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ ئوقۇغان ئابدۇقادىر داموللامنىڭ، مەمتىلى تەۋپىقنىڭ، ئىزباسارلىرى بىز.

ۋەتىنى ئۈچۈن جېنى پىدا، يۇرىگى سەۋدا بولغان سابىت داموللام، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرالارنىڭ ئىزچىلىرى، ئامانەتدارلىرى بىز...






شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا «كېرەم قارىم» دەپ داڭق چىقارغان، يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا ئۆچمەس يۇلتۇز بولۇپ پارلىغان، مەشھۇر ئالىم، دىنىي ئىسلاھاتچى، دەۋەت ۋە تەبلىغچىلەر ئۆلگىسى، جامائەت ئەربابى مەرھۇم شېھىت ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلى 1955 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، كۇچار ناھىيىسى كونا شەھەر مەركىزى ساقساق مەھەللىسىدە، يەككە تىجارەتچى ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن.

مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلى ئائىلىنىڭ 10 پەرزەنتىنىڭ ئۈچىنچى پەرزەنتى بولۇپ، ئوقۇش يېشىغا كەلگەندە بىر ياندىن قۇرئان ساۋادىنى ۋە دەسلەپكى دىنىي ساۋادىنى ئائىلىسىدە ئاتىسىدىن چىقارسا، يەنە بىر ياندىن باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى كۇچار 1 ـ باشلانغۇچ ۋە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇپ پۈتتۈرگەن.

ئاتىسى ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەقىللىق، ھوشيار، زېرەك ئىكەنلىكىنى بايقاپ، قانداق قىلغاندا كەلگۈسىدە يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىنى ئويلىشىۋاتقان بىر پەيتتە، مۇستەبىت كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى رەئىسى ماۋزېدوڭ ئۆلۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن خىتاي سىياسىتى ئۆزگىرىپ، «ھەر مىللەت ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئەمەل قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دېگەن قانۇن چىقىرىلغان. بۇ قانۇنغا ئەگىشىپ، ئۇزۇن يىللار تۈرمىلەرگە، قاراڭغۇ زىندانلارغا قامالغان، ئەمگەك

www.uyghurkitap.com

مەيدانلىرىدا ئىبغىر ئەمگەككە سېلىنغان، ھەر تۈرلۈك قىيىن-قىستاق، ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغان ساناقلىق بىچارە ئەھلى-ئىلىم دامولللىرىمىز، قارىي-قۇرئانلىرىمىز قويۇپ بېرىلگەن، ئىلگىرى تاقىۋېتىلگەن مەسجىد-جامەلەر يېڭىدىن ئېچىلىپ، چېقىۋېتىلگەن مەسجىد-جامەلەر يېڭىدىن سېلىنغان ھەمدە مەسجىد-مەدرىسەلەردىكى ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە دىنىي ئاقارتىش ئىشلىرى يېڭىدىن باشلىنىۋەتكەن.

ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلىنىڭ چەتئەلدىكى ئىنىسى مۇھەممەد ئىمىن ئابدۇۋەلىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، مەرھۇم ئابدۇۋەلى ئاكا پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئوغلى ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلىنى كۇچار ناھىيىسىدىكى داڭلىق ئۆلىمالاردىن رەستە مەسجىدى ئىمامى ئابدۇلھەكىم داموللا ھاجىمغا تالىپ قىلىپ ئاپىرىپ بەرگەن. ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلى تالىپلىققا بېرىلگەن كۈندىن باشلاپ تىرىشىپ-تىرمىشىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئىلىم سەۋىيىسى ئاشقانسېرى، بىر ئۇستازدىن ئالغان دەرسكە قانائەت قىلماي، مەھەللىسىدىكى ساقساق مەسجىدى ئىمامى سىدىق قارىھاجىمدىنمۇ دەرس ئېلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆۋەن بىجاق مەسجىدى ئىمامى ئابدۇكېرىم داموللا ھاجىم، چاڭگىلىق بارات داموللا ھاجىم قاتارلىق مەشھۇر ۋە پېشقەدەم داموللاملاردىن، مۇرەتتەپ قارىي-قۇرئانلاردىن ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئۇلارنىڭ ھايات تەجرىبىلىرىنى، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ساھەسىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى، دىنىي ۋە مىللىي پىكىرلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەن.

1985-يىلى، ھۆرمەتلىك ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلى ۋەتىنىمىزنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىگە بېرىپ، تاجاۋۇزچى كوممۇنىست خىتاينىڭ تۈرمىسىدە 25 يىل ياتقان، يېڭى ئۆزگەرگەن سىياسەت سايىسىدا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، دىنىي ئاقارتىش خىزمىتىنى يېڭىدىن باشلىۋەتكەن ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئېتىقادىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىكى پىكىرلىرىنى قايتىدىن جانلاندۇرغان داڭلىق مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇلھېكىم مەخسۇم ھاجىم (1925 - 1993) بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئوقۇش ئۈچۈن كەلگەن مىڭلارچە تالىپلار بىلەن تونۇشقان، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرغان، چۈشىنىش ھاسىل قىلغان.

ئۇ ئاشۇ 1985-يىلىدىن باشلاپلا ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە تەبلىغ قىلىش ساھەسىگىمۇ ئاتلانغان، بىر ياندىن ئوقۇپ يېتىلسە، يەنە بىر ياندىن ئوقۇغانلىرىغا ئىزچىل ئەمەل قىلىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن شەھەر-رايون، يېزا-قىشلاقلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، مىللىي ئۆرپ-ئادەت ۋە دىنىي تەشۋىقاتنى

كۆچەيتىش خىزمىتىنى باشلىۋەتكەن. ئۇزۇن يىللار دىنىي بىلىمدىن مەھرۇم قالغان بىچارە خەلقىمىزگە تەبلىغ قىلىش، بىلگەنلىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزۈش بىلەن شۇغۇللانغان.

ئەسلىدە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 1949-يىلىدىن باشلاپ، 1980-يىلىغىچە بولغان تەخمىنەن 30 يىللىق ئۆتمۈشى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىدى. كوممۇنىست خىتاي ئىشغالچىلىرى ۋەتىنىمىزنى 1949-يىلى بېسىۋالغاندىن باشلاپ، بۇ مۇنبەت زېمىنىنى مەڭگۈ ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى قىلىۋېلىش تەمەسىدە، خەلقىمىزگە قارىتا سىياسىتىنى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاشتۇردى، مىڭ يىلدىن بېرى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن مۇقەددەس ئىسلام دىنىنى تۈپتىن يوقىتىش ئۈچۈن قىلمىغان ئەسكىلىكلەرنى قىلدى. بۇ رەزىل نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ۋەھشىيلەرچە سىياسەت يۈرگۈزۈپ، ئالدى بىلەن رەھبەرلەر، دىنىي ئالىم-ئۆلىمالار، ۋىجدانلىق زىيالىيلار، خەلق ئىچىدە تەسىرى بار جامائەت ئەربابلىرى، يۇرت چوڭلىرى، ئاقساقاللار ۋە بايلاردىن باشلاپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن بىلىملىك ۋە قىممەت-قاراشقا ئىگە زاتلىرىنى ھەر خىل بوھتانلار بىلەن قارىلاپ، سىنىپلارغا ئايرىپ، بىر-بىرى بىلەن تالاشتۇرۇپ، غالجىرلىق بىلەن ئۆلتۈردى، خالىغانچە تۇتقۇن قىلىپ، تۈرمىلەرگە قامىدى، يۇرتلىرىدىن سۈرگۈن قىلدى، مال-مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، بۇلاپ تالىدى. نۇرغۇن نارسىدە قىز-ئوغۇللارنى يېتىم، مەسۇم خانىم-چوكانلارنى تۇل قالدۇردى. ياشىنىپ قالغان ئاتا-ئانىلارنى پەرزەنتلىرىدىن جۇدا قىلدى. ھەم مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ بارلىق سىمۋوللىرىنى ھەم مىللىي ئۆرپ-ئادىتىمىزنىڭ بارلىق سىمۋوللىرىنى يوقىتىشقا، بۇزۇپ-چېقىشقا ئۇرۇندى. دېمەك، خىتاي ھاكىمىيىتى ئىنسان ئەقلى يەتمەيدىغان بارلىق ۋەھشىي جىنايەتلەرنى ئىشلىدى.

ئۇ يىللاردا، ۋەتىنىمىزدە خۇددى ھازىرقىدەكلا ھېچقانداق دىنىي مەكتەپ-مەدرىسەلەر يوق بولۇپ، بارلىق مەدرىسە ۋە نۇرغۇن مەسجىد-جامەلەر چېقىپ تاشلانغان، چېقىلماي ئامان قالغان مەسجىد-جامەلەر بولسا، تۆڭگۈز بېقىلىدىغان ئېغىلغا، ياغاچچىلىق ۋە تۆمۈرچىلىك كارخانىلىرىغا، ئاشلىق ساقلاش ئامبارلارغا ئايلاندۇرۇۋېلىنغان ئىدى. بارلىق ئالىملار شەيتاننىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان ھەر خىل جىنايەت، تۆھمەتلەر بىلەن قارىلىنىپ، تۇتقۇن قىلىنغان، بەزىلىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئېتىپ تاشلانغان، ئامان قالغانلىرى ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماقتا ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ 30 يىللىق قۇللۇق جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ياشلىرىمىز ئىسلام دىنىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشتىن تامامەن مەھرۇم قالغان بولۇپ، شەھەرنىڭ چەتلىرىدە ھەپتىدە بىر قېتىم ئوقۇلىدىغان جۈمە نامىزىغا يوشۇرۇنچە كېلىپ يىغىلىدىغان نەچچە مىڭ جامائەت ئىچىدە جۈمە نامىزىغا ئىماملىق قىلىپ

www.uyghurkitap.com

بەرگۈدەك بىرەر ئادەم چىقمايدىغان بىر ئەھۋال شەكىللەنگەن ئىدى. ياشلىرىمىز بولسا پۈتتۈنلەي دىنسىزلىق ئىدىيىسى بىلەن زەھەرلىنىۋاتاتتى.

1980-يىلىغا كەلگەندە، كوممۇنىست خىتاي سىياسىتىنىڭ نىسبەتەن ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىرئاز بولسىمۇ نەپەس ئالدى، جاپاكەش ھۈنەرۋەن-كاسىپلار، باغۋەن-دېھقانلار، تىجارەتچىلەر، چارۋىچىلار ئۆز ساھەلىرىدە يېڭىدىن ئىگىلىك يارىتىشقا باشلىدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ، تۈرمىلەردە، ئەمگەك مەيدانلىرىدا ھايات قالغان ئەھلى-ئىلىم، قارىي-قۇرئانلارمۇ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن مەسجىد-جامەلەردە، مەدرىسەلەردە يېڭىدىن دىنىي ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ خىزمەت تەخمىنەن 10 يىل داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا نۇرغۇن تالىپلار، ۋەتەن ئوغلانلىرى يېتىشىپ چىقتى.

مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلىنىڭ دەۋەت، تەبلىغ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشلىۋەتكەن يىللىرى دەل مۇشۇ يىللارغا توغرا كېلەتتى. ئۇ بىر ياندىن تىرىشىپ-تىرمىشىپ بىلىم ئاشۇرسا، يەنە بىر ياندىن كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي تەبلىغ قىلىش، دىن ئۆگىتىش بىلەن مەشغۇل بولدى. ھەرقايسى شەھەر-رايونلارنى، يېزا-قىشلاقلارنى، مەكتەپ-ئۇنىۋېرسىتېتلارنى، ئىدارە-خىزمەت ئورۇنلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، بولۇپمۇ قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، كورلا، تۇرپان ۋىلايەتلىرىنىڭ ناھىيە-يېزىلىرىنى، ئۈرۈمچى شەھىرىنى كۆپ قېتىملار زىيارەت قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھە، ھەر تۈرلۈك ئادەملىرى بىلەن ئۇچراشتى، ئۇقۇمۇشلۇق ئەدىپ-يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردى، ھەتتا كوممۇنىست پارتىيىسىگە ئۆتۈپ كەتكەن مىللىي كادىر-زىيالىيلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن مۇنازىرە ئېلىپ باردى. ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبى، يارقىن ئاۋازى، ئۆتكۈر ۋە دادىل پىكىرلىرى بىلەن تەبلىغ قىلدى، دىنىي، تەۋھىدنى، ئاللاھنىڭ بار ۋە بىرلىكىنى ئوچۇق ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزدى، پەيغەمبەرنى، قۇرئاننى، سۈننەتنى، قىيامەتنى، ھېسابنى، جازا ۋە مۇكاپاتنى، جەننەت ۋە دوزاخنى ئىلمىي ئۇسۇلدا چۈشەندۈردى. ئىنسانلىرىمىزنى دىن نامىدا ئويدۇرۇلغان خۇراپات، بۇزۇق ئەقىدە، ناچار ئەخلاق، يامان قىلمىشلاردىن ئاگاھلاندۇردى. يېڭىدىن يېتىشكەن، بىر چىقىش يولى تاپالماي قېلىۋاتقان نۇرغۇن ئوت يۈرەك، قەتئىي ئىرادىلىك، قەيسەر، دىن سۆيەر، ۋەتەن سۆيەر، مىللەت سۆيەر تالىپلارغا ئۈلگە بولدى. خەلقىمىز ئارىسىدا «كېرەم قارى» دەپ تونۇلدى.

ئۇ نەگىلا بارسا، ئەزىز خەلقىمىز ئۇنى سۆيدى، ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچتى، جاراڭلىق ۋە مۇڭلۇق ئاۋازىنى تىڭشاشقا ئالدىرىدى. ئۇنى بىر تىڭشىغان كىشى يەنە تىڭشاشنى ئارزۇ قىلاتتى، بىر كۆرگەن ئادەم يەنە كۆرۈشنى، تەبلىغنى ئاڭلاشنى، سۆھبىتىنى تىڭشاشنى ئۈمىد

قىلاتتى. تەبلىغلىرى ئۇنىئالغۇغا ئېلىنىپ، لېنتىلىرى خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ تارقالدى. ئۇنىڭ تەبلىغىنى بىۋاستە ئاڭلىيالمىغانلار لېنتىلاردىن ئاڭلىدى، ئۇنى غايىبانە سۆيدى، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۇچرىشىشنى ئارزۇلىدى، ئۇ كېلىدىكەن، پالانى يەردە تەبلىغ قىلىدىكەن دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالسا، كىچىنى كېچە، يولنى ئۇزۇن دېمەي، بارلىق ئالدىراش ئىشلىرىنى تاشلاپ، توپ-توپ بولۇپ، ھەتتا ناھىيە ئاتلاپ بېرىپ تىڭشىدى. بىر ئاڭلىغان يەنە ئاڭلايتتى، تىڭشاپ-تىڭشاپ تويمايتتى. خۇلاسىلەپ ئېيتساق، ھەممە ئۇنى ياخشى كۆرگەن ئىدى. ئۇنى سۆيۈش، ئۇنى ياخشى كۆرۈش ئاللاھنىڭ بىر مۆجىزىسى بولسا كېرەك.

ئۇ بۇ خىزمەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. يېڭىدىن توغرا يولغا كىرگەن، ئاللاھنىڭ ھىدايىتىگە مۇيەسسەر بولغان، قۇرئاندىن، ئىسلام دىنىدىن ساۋادى يوق نۇرغۇن ياش قىز-ئوغۇل ئۆسمۈرلەرنى، جەمئىيەتنىڭ پەسكى-پۈچەك پاتقاقلىرىدىن ئەمدىلا قول ئۈزگەن ناتىۋان قىز-يىگىتلەرنى ئويلىدى. ئۇلارغا توغرىنى ئۆگىتىدىغان مەكتەپ بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ بۇ نىيىتىگە يەتتى. قىيامەتلىك دوستى، مۇرەببىي قارىي-قۇرئان سەپدىشى، شېھىت ئۇستاز ئابدۇلھەمىد (خەلق ئارىسىدا تونۇلغان ئىسمى ھىممەت قارى) ۋە باشقا پىداكار دوستلىرى بىلەن بىرلىشىپ، 1987-يىلدىن باشلاپ بەزى شەھەر-ناھىيىلەردە مەكتەپ ئاچتى. بۇ مەكتەپلەر قىسقا مۇددەت ئىچىدە خەلقىمىزنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشىپ، ھەرقايسى شەھەر-يېزىلارغا كېڭەيدى ۋە سانى كۆنسايىن كۆپەيدى. مەسىلەن، مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلىنىڭ قەدىناس سەپدىشى ئابدۇكېرىم زىياپ (كىچىك كېرەم قارى دەپ تونۇلغان)نىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، يالغۇز كۇچار ناھىيىسىدىلا ئېچىلغان مەكتەپنىڭ سانى 1990-يىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە 14 كە يەتكەن ئىدى.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام دىنى بىلەن مىڭ يىل بۇرۇن شەرەپلەنگەن، ئىسلام ئەقىدىسى قان-قېنىغا يۇغۇرۇلغان، ئەزەلدىنلا ئېسىل، پاك ۋە ساپ مىللەتتۇر. تارىخنىڭ بىر مەزگىللىك ئۆتكۈنچى بوران-چاپقۇنلىرىغا ئۇچراپ، مەلۇم دەرىجىدە زەھەرلەنگەن، يولدىن چىققان ۋە ھەرقانچە دىنىدىن چىقىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، دىنىمىز توغرا رەۋىشتە چۈشەندۈرۈلسە، ئۇلارنىڭ قانلىرىدىكى ئەسلىي خېمىرتۇرۇش يېڭىدىن ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، دەرھال توغرىغا قايتىدىغان، ھەقنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدىغان، ھەق يولدا مېلىنى ۋە جېنىنى پىدا قىلالايدىغان ئىنساپلىق مىللەتتۇر. ئەزىز مىللىتىمىز بۇ قېتىممۇ بۇنى ئىسپاتلىغان ئىدى. گەرچە دۈشمەنلەر مىللىتىمىزنى قۇل قىلىۋالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ روھىنى قۇل قىلالمىغان، دىنىي ئىرادىسىنى سۇندۇرالمىغان، مەنىۋىيىتىنى ئاجىزلاشتۇرالمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار مەرھۇم ئۇستازنىڭ مەزكۇر دىنىي خىزمەتلىرىگە ئىزچىل ماسلىشىپ،

قولىدىن كېلىشىچە ياردەمدە بولغان، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن، پۇل لازىم بولغاندا پۇل، ۋاقىت لازىم بولغاندا ۋاقىت ئاجراتقان. مىللىتىمىزنىڭ بۇ ئېسىل ئەنئەنىسىنى ھەقىقەتەن تەقدىرلەشكە، قەدىرلەشكە ۋە ئۇلارغا مىننەتدار بولۇشقا ئەرزىيدۇ.

مەرھۇم ئۇستازنىڭ دىنىي خىزمەتلىرى، تەبلىغ-سۆھبەتلىرىنىڭ تەسىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى، نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۇڭگان مۇسۇلمانلىرىغىچە يېتىپ بارغان. ئۇلانىڭ دىنىي ئالىملىرى بىر ھەيئەت تەشكىللەپ، 1989-يىلى 7-ئايدا ئىچكىرىدىن شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ، تۇرپان، كورلا، كۇچار، قەشقەر، خوتەنگىچە بېرىپ، بۇ يۇرتلارغا بېرىپ، زىيارەتلەردە بولغان. ئۇلار خەلقىمىز تەرىپىدىن، بولۇپمۇ دىنىي زاتلىرىمىز تەرىپىدىن قىزغىن كۈتۈۋېلىنغان. ئۇلار بارغانلا يېرىدە مەسجىد-جامەلەرنى، يېڭى ئېچىلغان مەكتەپلەرنى زىيارەت قىلغان، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ جامائەت ئەربابلىرى بىلەن تونۇشقان، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، مىللىي ئەنئەنىلىرى، تۇرمۇش ئەھۋاللىرى ۋە ۋەزىيىتى توغرىسىدا مەلۇمات ئىگەللىگەن. مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلى بىلەن دەۋەت ئۇسلۇبى، تەبلىغ ئۇسۇلى ھەققىدە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرغان، تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن ھەمدە مەرھۇم ئۇستازنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى تۇڭگان مۇسۇلمانلىرىنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغان.

ئۇ بۇ تەكلىپكە بىنائەن، سەپدىشى ئابدۇقادىر ياپچان ئاكا ۋە كۇچارلىق نىياز قارى بىلەن بىرلىكتە بىر ھەيئەت بولۇپ، 1989-يىلى 12-ئايدىن 1990-يىلى 1-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى تۇڭگان مۇسۇلمانلىرىنى زىيارەت قىلغان. مۆھتەرەم سىياسىي ئەرباب ئابدۇقادىر ياپچان ئاكىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇلار ئالدى بىلەن ئىچكى موڭغۇلىيەنىڭ مەركىزى كۆكخوت شەھىرىدىكى تۇڭگان مۇسۇلمانلىرىنى، ئۇلارنىڭ مەسجىد-جامەلىرىنى، دىنىي مەكتەپ-مەدرىسىلىرىنى زىيارەت قىلغان. ئاندىن نىڭشا مۇسۇلمانلىرىنى، ئاخىرىدا گەنسۇ مۇسۇلمانلىرىنى نۆۋەتى بىلەن زىيارەت قىلغان. دىنىي قېرىنداشلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ زىيارەت ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ۋە مەنىلىك ئۆتكەن. ئۇلار بارغانلا يەردە قىزغىن قارشى ئېلىنغان. مۇقەددەس دىنىمىزنىڭ سىمۋولى بولغان مۇقەددەس جايلار، مەسجىد-جامەلەر، مەكتەپ-مەدرىسەلەر زىيارەت قىلدۇرۇلغان. ھەتتا ھەيئەتتىكىلەر زىيارەت جەريانىدا بەزى نوپۇزلۇق تۇڭگان ئۇستازلاردىن دەرس ئالغان. تۇڭگان مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە ئەنئەنىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققان. ئۆزئارا تەجرىبە-ساۋاق ۋە پىكىر ئالماشتۇرغان. ئۇلار ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۆزئارا دىنىي قېرىنداشلىقنى چىڭىتىشنىڭ دەسلەپكى سىمۋولى سۈپىتىدە مۇئەييەن

مىقداردا نەق پۇل ياردەم قىلغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر-تۇڭگان دىنىي قېرىنداشلىقنى ئىزچىل قانات يايدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلى مىللىتىمىزنىڭ دىنىي ۋە مىللىي مائارىپىغىلا كۆڭۈل بۆلۈپ قالماستىن، مۇستەقىللىق كۈرىشىگىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن. مەسىلەن: ئۇستاز ئابدۇراھمان قارىمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، 1989-يىلى 9-ئايدا بارىن ئىنقىلابىنىڭ ھەربىي قوماندانى مۇھەممەد جامال بىلەن كۇچار ناھىيىسىدە كۆرۈشكەن ۋە ئۇنىڭ بىر مەزگىل دىنىي تەلىم-تەربىيە ئېلىشىغا شارائىت يارىتىپ، مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ تەربىيىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، بۇ ئىنقىلاب بالدۇر باشلىنىپ قالغان تەقدىردە غەلىبە قىلغىلى بولمايدىغانلىقى، شارائىتنىڭ تېخى تولۇق پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى، شۇڭا تەييارلىق باسقۇچلىرىنىڭ قاتتىق ئېھتىيات بىلەن بىر مەزگىل داۋام قىلدۇرۇلۇشى لازىملىقى ھەققىدە تەنبىھ بەرگەن.

بىراق، تولىمۇ ئەپسۇسكى، مەزكۇر خىزمەتلەر ئاران بەش يىل داۋام قىلالىدى. ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ياش قىز-يىگىتلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشى، دىنىي تەبلىغ ۋە تەشۋىقاتلارنىڭ ئىزچىل كېڭىيىشى، دىنىي ئاقارتىش خىزمەتلىرىنىڭ يېڭىدىن جانلىنىشى قاتارلىقلارنى كۆزىتىپ تۇرغان قانخور قىزىل خىتتاي دائىرىلىرى 1990-يىلى ياز ئايلىرىدا پۈتۈن دىنىي مەكتەپ-مەدرىسىلەرنى تاقىدى، تالىپلارنى تارقىتىۋەتتى، نۇرغۇن يېتەكچى ئۇستازلارنى: «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان» دەپ قارىلاپ تۇتقۇن قىلدى ۋە تۇتۇش بۇيرۇقى چىقاردى. تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان ئاۋانگارت ئۇستازلار قاتارىدا شايار ناھىيىسىدىن شېھىت ئۇستاز ئوسمان ئابدۇلھەمەد، كۇچار ناھىيىسىدىن ئابدۇكېرىم زىياپ (كىچىك كېرەم قارى)، شېھىت ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلى ۋە ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر زىيالىي ئەركىن ئابدۇرازاق قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇتۇش بۇيرۇقىدىن خەۋەر تاپقاندىن باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدە 1990-يىلى 11-ئاينىڭ 16-كۈنى تۇتقۇن قىلىنغانغا قەدەر يوشۇرۇنۇپ، قىلچە بوشاشماستىن، دەۋەت خىزمەتلىرىنى ئىزچىل داۋام قىلدۇردى.

تۈرمىدە ئۈچ يىل يېتىپ چىققان پېشقەدەم سەپدىشى ئۇستاز ئابدۇكېرىم زىياپنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇلار تۇتۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، خىتاي ساقچى دائىرىلىرى ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلى قاتارلىق ئۇستازلاردىن جىنايەت دېگۈدەك دەلىل-ئىسپات تاپالمىغان بولسىمۇ، ھەر خىل باھانە-سەۋەبلەر بىلەن قارىلاپ جازاغا ھۆكۈم قىلغان. مەسىلەن، خىتاينىڭ 1993-يىلى 5-ئاينىڭ 16-كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن تۇنجى قېتىملىق ھۆكۈمنامىدە: «ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلى

uyghurkitap.com

ئەكسىلئىنقىلابىي تەشۋىق قىلىش، قۇتراتقۇلۇق قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن مۇددەتلىك 12 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن تۆت يىل مەھرۇم قىلىنىدى» دېيىلگەن ۋە 5-ئاينىڭ 21-كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى 1-تۈرمىگە قامالغان (بۇ 12 يىللىق جازا 1990-يىل 11-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن ئېتىبارەن ھېسابلىنىدۇ). ئۇ يەنە 1998-يىلى 3-ئاينىڭ 16-كۈنى 3-تۈرمىگە يۆتكەپ كېلىنگەن.

ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلىنىڭ 12 يىللىق جازا مۇددىتى تۈگەشكە بىرقانچە ئاي قالغاندا، خىتايلار يەنە غالجىرلىشىپ «نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تەرتىپىنى بۇزدى» دېگەن جىنايەت بىلەن قارىلاپ، 2002-يىلى 2-ئاينىڭ 19-كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سايباغ رايونلۇق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئىككىنچى قېتىم سوت ئېچىپ، ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. 2005-يىلى 4-ئاينىڭ 26-كۈنى يەنە: «نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تەرتىپىنى بۇزدى» دېگەن جىنايەت بىلەن قارىلاپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سايباغ رايونلۇق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئۈچىنچى قېتىم 3 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. تېخى بۇ جازا مۇددىتى توشماي تۇرۇپ، 2006-يىلى 9-ئاينىڭ 5-كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سايباغ رايونلۇق سوت مەھكىمىسى ئۇنى بۇرۇنقىدەكلا: «نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تەرتىپىنى بۇزدى» دېگەن جىنايەت بىلەن قارىلاپ، 4-قېتىم 3 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن، مەرھۇم ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلىنىڭ جازا مۇددىتى 2006-يىلى 9-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن 2011-يىلى 9-ئاينىڭ 4-كۈنىگىچە ئۇزارتىلغان.

2009-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى 5-قېتىم سوت ئېچىپ، يەنە ئوخشاشلا: «تۈرمە قائىدە-تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق قىلىپ كۆپ قېتىم ناماز ئوقۇغان، ئاچلىق ئېلان قىلغان، تۈرمىنىڭ باشقۇرۇش تەرتىپىنى بۇزۇش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن» دەپ قارىلاپ، 5-قېتىم 3 يىللىق جازاغا ھۆكۈم قىلغان. بۇ قېتىمقى سوتنىڭ باش سوتچىسى پەرھات ئابلەي، سوتچىلار تۇرسۇنئاي بارات ۋە مەريەم ئەمەتلەرنىڭ ھەمدە پۈتۈكچى شەھەدە شەۋكەتنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان ۋە مەھكىمە تامغىسى بېسىلغان ھۆكۈمنامىدە: «ئابدۇكېرىم ئابدىۋەلىنىڭ تېخى ئۆتەپ بولالمىغان ئىككى يىل، ئىككى ئاي، ئۈچ كۈن جازا مۇددىتى قوشۇلۇپ، ئەمەلىي جازا مۇددىتى بەش يىل بولۇپ، 2009-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 2014-يىلى 6-ئاينىڭ 30-كۈنىگىچە ئۇزارتىلدى» دەپ يېزىلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇ ھۆكۈمنامىدە ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلىنىڭ تۈرمە ئىچىدە كۆپ قېتىم تۈرمە جازاسىغا ئۇچراپ، نۇرغۇن قېتىم گۇپپاقخانىغا (يالغۇز كىشىلىك، تار ۋە پاكار قاماقخانا) قامالغانلىقى يېزىلغان.

جىنايەتچى خىتايلارنى بىللە سولاپ نازارەت قىلدۇرغان، كۆپ قېتىم ئۇرغۇزغان، ھەر تۈرلۈك قىين-قىستاقلار بىلەن قىينىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ تىنچ نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ، 2011-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، 2012-يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ئۇزۇن مۇددەت ئاچلىق ئېلان قىلغان بولسىمۇ، خىتاي دائىرىلىرى بۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلمىغان.

ئىگەللىنىشچە، ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلىنىڭ 2014-يىلىدىكى جازا مۇددىتى توشاي دېگەندىمۇ، خىتاي دائىرىلىرى يەنە ئوخشاش باھانە، ئوخشاش سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئالتىنچى قېتىم سوت ئېچىپ، ئۇنىڭ جازاسىنى بەشىنچى قېتىم ئۇزارتقان.

ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى مۇخبىرى شۆھرەت ھوشۇرنىڭ 2014-يىلى 4-ئايدا ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلىنىڭ ئىنىسى ئابدۇراھمان ئابدۇۋەلىنى تېلېفون ئارقىلىق زىيارەت قىلىپ ئالغان مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە تۇغقانلىرى شۇ يىلى 6-ئاينىڭ 30-كۈنىنىڭ توشۇشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان بىر پەيتتە، ساقچىلار ئابدۇراھمان ئابدۇۋەلىنى چاقىرتىپ، ئاكىسىنىڭ جازا مۇددىتىنىڭ يەنە ئۇزارتىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بۇ قېتىم، ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلىنىڭ ھېچبىر گۇناھى يوق ھالدا، قاماق جازاسى ئارقىمۇ-ئارقا ئۇزارتىلىپ ناھەق تۈرمىدە يېتىۋاتقانلىقى خەلقئارالىق كەچۈرۈم تەشكىلاتلىرىنىڭ كۈن تەرتىپىگە كەلگەن. مەسىلەن، خەلقئارالىق كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ شۋېتسىيە شۆبىسى 2014-يىلىنىڭ 4-ئېيىنى ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلىنىڭ ئېيى قىلىپ، تەشكىلاتنىڭ رەسمىي تور بېتىدە ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە، ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلىنى تۈرمىدىن چىقىرىش ئۈچۈن ئاۋاز توپلاش سەھىپىسى ئاچقان.

2014-يىلى 4-ئاينىڭ 16-كۈنى شۋېتسىيە پارلامېنتىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن. ئاۋۇستىرالىيەدىن كەلگەن ھۆرمەتلىك ئۇستاز ئابدۇسالام ئابدۇغەنى ئەپەندى بۇ يىغىندا ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن.

«شۋېتسىيە ئىسلام جەمئىيىتى»، «مۇسۇلمان ياشلار تەشكىلاتى»، «ئىبنى رۇشد فوندى» قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، 2014-يىلى 4-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن 20-كۈنىگىچە شۋېتسىيىنىڭ پايتەختى ستوكھولمنىڭ مەركىزىي يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئاڭلىتىلغان. بۇ جەرياندا، جازا مۇددىتى سەۋەبسىز ئارقىمۇ-ئارقا ئۇزارتىۋېتىلگەن ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. بىراق، بۇلارنىڭ ھېچبىرى مۇستەبىت، دىكتاتور خىتايلارغا قارشى ئۈنۈم بەرمىگەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋاللار ھەممىگە قاراڭغۇ بولغىنىدەك، ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. پەقەت 2015-يىلى قىزى بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا، ئاتىسىنىڭ بەك ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىنى، ساقچىلار ئۇنى چاقلىق ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ چىققانلىقىنى، ئەينەك ئارقىسىدىن تېلېفوندا ئاران ئىككى مىنۇتتەك گەپ قىلالىغانلىقىنى شۇنتىسىيەدە تۇرۇشلۇق تاغىسىغا سۆزلەپ بېرىپ: «ئاتام بەك ئاجىزلاپ كېتىپتۇ، ئۇزاققا قالماي تۈگەپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن ئىكەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەتەن ئىچى بىلەن سىرتىدىكى ئالاقە تامامەن ئۈزۈلۈپ قالغان بولغاچقا، تىز پۈكمەس ئەزىمەت ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلىنىڭ شېھىت بولغان تارىخىمۇ غۇۋا قالماقتا. بەزىلەر: «2017-يىلى 3-ئايدا شېھىت بولغان» دېسە، يەنە بەزىلەر: «2017-يىلى 9-ئايدا شېھىت بولغان» دېيىشمەكتە.

ئۇنىڭ تۈرمە ھاياتىدىن شۇ دېرەك بېرىدۇكى، خىتاي جاللاتلىرى ئۇنى جازا مۇددىتى توشقاندا قويۇپ بېرىش ئەمەس، تۈرمىدە ھەر خىل قىيىن-قىستاقلار بىلەن قىيناپ، تىنىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، تۈرمىدىن چىقارماي ئۆلتۈرۈۋېتىشنى پىلانلىغان. شۇڭا ھەر قېتىم جازا مۇددىتى توشۇپ قالاي دېگەندە سوت ئېچىپ، ھەر قېتىم تېتىقسىز، بىمەنە سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، 3 يىل ئۇزارتىپ، ئۇدا بەش قېتىم ئۇزارتقان. بىرىنچى قېتىملىق سوتتا 12 يىل، بەش قېتىملىق ئۇزارتىمىدا 15 يىل، جەمئىي 27 يىل قامالغان. ئاخىرى 2017-يىلى 3-ئايدا (ياكى 9-ئايدا)، 62 يېشىدا شېھىت بولغان.

خىتايلار ئۇنى جازالاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرىغىمۇ مىڭ بىر تۈرلۈك ئەزىيەت ۋە ئەنسىزلىك يەتكۈزگەن. ئەنە شۇنداق بىر ئەزىمەت يېتىشتۈرگەن ئەزىز ئانىسى مەرەمنىساخان ئانا 22 يىل بالا ھەسرىتى چەككەن، ئاخىرقى كېسەل كۈنلىرىدە: «ئوغلۇم بىلەن بىر قېتىم كۆرۈشۈۋالسام» دېگەن مەسۇملارچە تەلپىنىشمۇ رەت قىلىنىپ، ئاخىرى كۆرۈشەلمەي، 2012-يىلى 11-ئاينىڭ 22-كۈنى بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشقان. ئاللاھ فىردەۋس جەننىتى بىلەن مۇكاپاتلىسۇن ۋە شۇ يەردە ئانا-بالا ھەسرىتىنى كەتكۈزگىلى نېسىپ قىلسۇن.

قان قېرىنداشلىرى ئابدۇراھمان ئابدۇۋەلى بىلەن ئىبراھىم ئابدۇۋەلى نۇرغۇن قېتىم ساقچىلارنىڭ ئاۋارە قىلىشىغا ئۇچرىغان. 2014-يىلى 12-ئايدا ئابدۇراھمان ئابدۇۋەلى، 2015-يىلى 1-ئايدا ئىبراھىم ئابدۇۋەلى قولغا ئېلىنغان. ھازىر ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ئېنىق ئەمەس. كۈيئوغۇللىرىمۇ تۇتقۇن قىلىنىپ، ھەر ئىككىلىسىگە قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان.

مانا بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، خىتايدا نە قانۇن، نە ھەق-ھوقۇق، نە ئىنسانغا ھۆرمەت قىلىش ئىشلىمەيدۇ. ئۇلار بىر ئادەم ئۈچۈن ئونلاپ، ھەتتا يۈزلەپ ئادەمنى

جازالاشتىن قىلچە تەپ تارتمايدۇ. ھەتتا ئۇلار: «توققۇز ئادەمنى خاتا جازالساڭمۇ، بىر ئادەمنى قاچۇرۇپ قويما» دەپ تەشۋىق قىلاتتى ئۇن يىللار بۇرۇن. ھازىر بولسا تېخىمۇ ۋەھشىلەرچە ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بىز خىتاي مىللىتى ئىنسانلىققا ھۆرمەت قىلمايمىز، باشقا مىللەتلەرنى بۇلاپ-تالىساقمۇ، خالىغانچە دەپسەندە قىلساقمۇ، بوزەك قىلساقمۇ بولىۋېرىدۇ، بىزنىڭ گېنىمىزدا ئىنسانلىقتىن، ئىززەت-ھۆرمەتتىن، شان-شەرەپتىن ھېچ نىسىۋە يوق، - دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇلار بىر مىللەتنىڭ زېمىنىنى، مال-مۈلكىنى، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بارلىق بايلىقلىرىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش بىلەنمۇ كۇپايە قىلماي، سەككىز مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە، تارىخنىڭ ھەر دەۋرىدە مەدىنىيەت يارىتىپ، دۇنيا تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان، تارىخ سەھىپىسىدە ئۆچمەس ئىزلار قالدۇرغان شانلىق بىر مىللەتنى تەل-تۆكۈس يوقىتىپ، ئۇنىڭ سەككىز مىڭ يىللىق ئەزىز ئانا ۋەتىنىنى تارتىۋېلىش كويىدا بولماقتا. ئۇلارنىڭ بۇ چۈشى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ، ئىنشائاللاھ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتساق، ئۇلگىلىك ئۇستاز ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلى ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن تۈرمە ھاياتى بويىچە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ۋە ئىسلامنىڭ مەڭگۈلۈك دۈشمىنى قىزىل خىتايلارغا، ئۇلارنىڭ ھەر تۈرلۈك ھىيلە-نەيرەڭ، قىيىن-قىستاقلىرىغا قىلچە تىز پۈكمەستىن، دىنىنى، ئىززىتىنى، شەرىپىنى، مىللىتىنى قوغداش يولىدا ئىسسىق جېنىنى ئاللاھنىڭ رىزىلىقى ئۈچۈن پىدا قىلغان. ئۇلۇغ ئىگىمىز ئاللاھ ئۇنىڭ شاھادىتىنى قوبۇل قىلىپ، فىردەۋس جەننىتى بىلەن مۇكاپاتلىغاي، كەرەملىك جامالىنى كۆرۈشكە، جەننەتتە پەيغەمبەرلەر، راستچىللار، سالىھلار بىلەن بىللە بولۇشقا نېسىپ قىلغاي ھەمدە بۇ دۇنيادىكى ئەزىز تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرى بىلەن فىردەستە ئۇچراشتۇرغاي، تۈرمىدىكى ۋە سىرتتىكى بارلىق ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا، دوست-بۇرادەرلىرىگە، سەپداشلىرىغا سەۋر-ئىستىقامەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

شەرقىي تۈركىستان خەلقى قەتئىي ئىرادىلىك، قورقماس يۈرەك، تىز پۈكمەس، قەھرىمان، دىنىي ئالىم، ئىسلاھاتچى، يېڭىلىقچى ئەۋلادى ئابدۇكېرىم ئابدۇۋەلىنى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ، ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ، دۇئالىرىدا ياد ئېتىدۇ، ھەمدە ھۆرلۈك، ئەركىنلىككە ئېرىشكەن، دىنىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ۋە مىللىي ئەنئەنىلىرىنى مۇستەقىل ياشىيالىغانغا قەدەر ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ۋاكالەتچىلىرى

| دۆلەت | ئالاقىلاشقۇچى | تېلېفون نومۇرى |
|---|---|---|
| ئامېرىكا | نۇرىددىن ھاجىم | 0015712161352 |
| كانادا | تۇيغۇن ئابدۇۋەلى | 0004077672770 |
| شۋېتسارىيە | ئاندىلى مۇھەممەد كەرىم | 0040676224606 |
| نورۋېگىيە | ئۆمەرجان ھاجىم | 004740557071 |
| ئاۋىستىرالىيە | ئابدۇسالام قارىم | 0061413550840 |
| شۋېتسىيە | ئەھمەد تۇرسۇن | 0046735710908 |
| گېرمانىيە | تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن | 00491761038276 |
| گوللاندىيە | ئابدۇرېھىم غېنى | 0031619965958 |
| فىنلاندىيە | ئابدۇلھەفىز قارىم | 00358409524426 |
| ياپونىيە | تۇرمۇھەممەد ھاشىم | 00818041968973 |
| تۈركىيە | ئابدۇلجېلىل تۇران | 0090532414055 |
| ئوتتۇرا ئاسىيا | يارمۇھەممەد قارىم | 0077017410435 |
| مىسىر | زەئىم مەنسۇر | 0020111432366 |
| ئەرەبىستان | مەمتىمىن قارىم | 00966502382971 |